يېڭى دەۋر ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

# سۆيگۈ ئۇچقۇنى

تۇرغان شاۋۇدۇن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

يېڭى دەۋر ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

# سۆيگۈ ئۇچقۇنى

تۇرغان شاۋۇدۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

爱的火花：维吾尔文/吐尔干·夏吾东著：－乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.6
ISBN 978-7-228-13516-5

Ⅰ.①爱… Ⅱ.①吐… Ⅲ.①诗歌－作品集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 121896 号

作　　者 吐尔干·夏吾东
责任编辑 孜来哈·艾则孜
责任校对 古丽夏尔·尼格买提
特约校对 亚森·扎依莫夫
美术设计 艾克拜尔·沙力
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话 0991-2827472
邮政编码 830001
印　　刷 乌鲁木齐八家户彩印有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230 毫米 1/32
印　　张 5
插　　页 4
版　　次 2010 年 7 月第 1 版
印　　次 2010 年 7 月第 1 次印刷
印　　数 1—5000 册
定　　价 15.00 元



# نەشرىياتتىن

شائىر تۇرغان شاۋۇدۇن 1940 ـ يىلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ تۇرپانـيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1960 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتـىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتـكۈزگەن. 1960 ـ يىـلى 9 ـ ئايدىـن 2000 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمىدە ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

تۇرغان شاۋۇدۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1958 ـ يىلى باشلانغان، شۇنىڭدىن بۇيان «كۈت مېنى»، «يېزام»، «مەشۇر بوۋاينىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق شېئىر، داستان ۋە باللادىلىرى ئېلان قىلىنغان، «قەلبىم ناخشا خۇشتارى»، «مۇقام» قاتارلىق نۇرغۇن ناخشا تېكىستلىرىنى يازغان. 1962 ـ يىلى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئاساسىدا «ئۇجمە سايىسى» ناملىق رادىيو دىرامىسىنى يازغان ھەمدە «تاشۋاي»، «قۇدرەتلىك ئىلاھ»، «يۇرت ئوغلى»، «كەچۈر ئانا» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق رادىيو دىرامىسىنى ئىشلىگەن.

شائىرنىڭ ھازىرغا قەدەر «ھايات دولقۇنلىرى» (شېئىر، داستانلار)، «ئىختىرا ھەۋىسى باشلىنار شۇنداق» (شېئىر، داستانلار)، «سازەندە ناخشىسى» (ناخشا تېكىستلىرى)، «قەرز قالغان توي» (شېئىر، داستانلار)، «شاھ ۋە غۇلام» (داستانلار)، «شىپا تاپماس كېسەل» (پوۋېست، ھېكايىلەر)، «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» (ئىلمىي ئەسەرلەر توپلىمى)، «تاشۋاي» (ئوپېرا ۋە كىنو سىنارىيىسى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە

ئالمىزار ناخشىلىرى ........................ 1
دوست بىلەن ........................ 13
تۇتاش تۇپراق، تۇتاش كۆك ئاسمان ........................ 15
مەشرەپتە تۇغۇلغان ئويلار ........................ 24
چىقىتىنگىز ........................ 30
سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى ........................ 32
ئايالللار ........................ 40
ئوت يۇرتىدا ئوتلۇق كۆي ........................ 45
مەن ئۈچۈن ........................ 53
بولدىڭىز ........................ 54
تەمبۇرۇم ........................ 56
يەك نەپەس ھۇزۇرى ئارامى جانىنىڭ ........................ 57
ئۇسسۇلچى قىز ناخشىسى ........................ 58
لوپنۇر تەسراتلىرى ........................ 59
دارۋاز روھى ........................ 69
قوش تويىڭىز بولسۇن مۇبارەك ........................ 73
دوستلىرىم ........................ 75
ئانا ھەققىدە ئىككى شېئىر ........................ 76
گېزىت ساتقۇچى بوۋاي ........................ 79
ھېيت تەنتەنىسى ........................ 81
نورۇز چاچقۇسى ........................ 83
ياش يىگىت ........................ 84
دىيالوگ ........................ 85

ئۆتەي دېسەڭ شاد ـ خۇرام ........................ 86
كوچا سۇپۇرگۈچى ........................ 88
مۇقام باھارى ........................ 89
مۇقام ئەجدادلىرى ........................ 91
تەگرىتاغ ........................ 94
نېفت ........................ 97
ئىپارخان ........................ 99
پەلەكتىكى پەرىزاتلار ........................ 100
ياندىشار «پاشا»غا «ياشا» دېگەن سۆز ........................ 103
پارچىلار ........................ 105
رۇبائىيلار ........................ 106
تۇيۇقلار ........................ 108
مەرسىيەلەر ........................ 116
مەسەل ۋە ساتىرالار ........................ 123
باللادالار ........................ 141

# ئالمزار ناخشلرى

## يۇرتۇم ئالمسى

ئالما يوللاپسەن ماڭا سوۋغات قلىپ،
قولغا ئالدىم شاد كۆلۈپ قوي، ئات بلىپ.
رەڭگىدە يۇرتۇم جۇلاسى بەر كامال،
خۇش پۇرار شادلىقنى دىلدا قات قلىپ.

ئالمىنىڭ كانى ئەزەلدىن بۇ ماكان،
ئالمدا كەلدۇق بۇ يۇرتنى ياد قلىپ.
ئالما ئۆستۈرگەچ ئاتام باغۋەن بولۇپ،
ئەل ئۇنى سۆيدى ئۇلۇغۋار زات بلىپ.

باسمەن باغرىمغا ھەربىر ئالمنى،
جان ئاتامنىڭ ئەجرىگە ئىسپات قلىپ.
سىزىمەن ئۆزۈمنى شۇ باغ بۇلبۇلى،
ئۆتىمەن كۆيلەپ ئاۋامنى شاد قلىپ.

## قىزىل ئالما

قىزىل ئالما، قىزىل ئالما،
قىزىللىق بابىدا بىر سەن.

قىزىللىق تۇرسا گەر رەتكە،
ئۇنىڭغا شاھ ۋە يا پىر سەن.

قىزىرىپ كۆز تىكەر يارغا،
سېنى ئوخشاتمىقىم خوپتۇر.
قىزىللىق چاقنىغان مەڭزىڭ،
ئۇنىڭ مەڭزى بىلەن جۈپتۇر.

ئەجەب خۇشبۇي پۇرايسەن ھەم،
پۇراپ قانماس سېنى ھەركىم.
ھۇزۇرۇڭدىن قىلار پەرۋاز،
ياساپ گويا قانات ئەركىم.

سېلىنسا داستىخان، ئەللەر
تىزار دائىم سېنى ئالدىن.
جىمى خەقنىڭ كۆزى سەندە،
قىلىشمايسەن ناۋات، بالدىن.

يېسەم تەملىك قالار تىلدا،
كۆڭۈل يايرار ھامان باغدەك.
ياشا باغۋەن، ياشا دەيمەن،
بولۇپ رازى گويا تاغدەك.

## ئىلى باغلىرى

باغلىرىڭنى سەيلە قىلسام زەپ گۈزەل گۈلزارى بار،
ھەر گۈزەل گۈلزارىنىڭ مەپتۇنى، خۇشتارى بار.

بۇندا شادلىق جۇش ئۇرار كۆي بولۇپ، ناخشا بولۇپ،
ناخشىغا تەڭكەش ھامان تەمبۇرى، دۇتارى بار.

باغۇننىڭ ئويناپ ئۇسسۇل خۇش باقار مېھمانىغا،
يايرىتارغا دىلنى ھەر دەم چاقچىقى تەييارى بار.
بۇندا كەزگەن ھەممىنىڭ كەتمەيدۇ مەڭگۈ كەتكۈسى،
ھەر ئارامگاھ زوقىنىڭ مېھرى بار، خۇمارى بار.

گۈللىسۇن باغلار يەنە مېھمانىنى خۇشتار ئەيلىسۇن،
ئېلىنىڭ كەتمەس بولۇپ كەلگەن گۈزەل باھارى بار.

## گۈلشەن ۋادىلار

ئاقار شاۋقۇنلاپ ئىلى دەرياسى،
كېلىمەن بويلاپ چىمەن قىرغاقنى.
توقايلار كىيگەن تۇماندىن لىباس،
سۆيگەن تاڭ نۇرى يىراق - يىراقنى.

بۇلبۇل چاڭىلداپ سايرىسا خۇشال،
ئۈنى ھەر ياندىن كېلىدۇ ياڭراپ.
شامالار يارنىڭ پىچىرلىشىدەك،
ئۆتەر شۇۋىرلاپ چېچىمنى سىلاپ.

كېلىمەن بويلاپ چىمەن قىرغاقنى،
ئاقار شاۋقۇنلاپ ئىلى دەرياسى.
گۈلشەن ۋادىنىڭ يوقتۇر پايانى،
ئۇچقۇر خىيالىم ئۇنىڭ سىيماسى.

## ئىلى دەريا بويلىرى

چەكسىز كەتكەن گۈلزارلىق
ئىلى دەريا بويلىرى.
باشلار ئەلنى سەيلىگە
گۈل - چېچەكلىك يوللىرى.

قوينى خۇشبۇي ھاۋالىق،
بۇلبۇللىرى ناۋالىق.
ئاقار گۈللەر ئارىلاپ
مەرۋايىتتەك سۇلىرى.

خىيابانلار راھىتى،
خۇشاللىقنىڭ شاھىتى.
قىلار دىلنى مەھلىيا
دۇتار، تەمبۇر كۈيلىرى.

گۈزەللىكنىڭ شاھى سەن،
ئەلنىڭ سەيلىگاھى سەن.
جاننىڭ ئارامگاھى سەن،
ئىلى دەريا بويلىرى.

## ئىلى بۇلبۇلى

(ئىلى خەلق ناخشىچىسى مەرھۇم داۋۇتجان ناسىرغا)

ئاتەش ئاۋازىڭ ھۇزۇرى جاننىڭ،
تومۇر - تومۇردا ئۇنىڭ ماكانى.

سۆيۈنەر دىللار زوق ئېلىپ سەندىن،
ھەر كۈيۈڭ ئەلنىڭ شېرىن زەبانى.

دەيدۇ ئەل سېنى ئېلى بۇلبۇلى،
ناخشاڭ ئەۋجىدە مىڭ بۇلبۇل ئۈنى.
ھەربىر كۈيۈڭگە مىڭ جان تەسەددۇق،
سەن مەڭگۈ ئۆچمەس ناخشا چولپىنى.

ياڭرايدۇ ناخشاڭ ئۈزۈلمەي ھەر تاڭ،
ئالمىلىق باغلار ئۈنىڭ شەيداسى.
دولقۇنغا دولقۇن قوشۇپ ئاقىدۇ،
ناخشاڭ ئەۋجىدىن ئېلى دەرياسى.

ناخشاڭ ئەۋجىدە شەرىپىڭ ـ شانىڭ،
ئۆچمەيدۇ مەڭگۈ داۋۇتجان نامىڭ.

## سادىر

قەبرەڭگە كەلدىم تاۋاپ قىلغىلى،
چەۋرەڭگە لايىق جاۋاب قىلغىلى.
تاغدەك قامىتىڭ ئۆتتى ئالدىمدىن،
تامچە يېشىمنى ناياپ قىلغىلى.

ياتساڭمۇ بۇندا گەرچە تىنچ سەن،
زۇلمەت قوينىنى يارغان قىلىچ سەن.
ئۆتتۈڭ ئوق ئۈزۈپ ياۋغا تىنىمسىز،
تەڭسىز زامانىنى خاراب قىلغىلى.

ئوتلۇق ئەقدەڭ يول ئاچتى ئەلگە،
ئەلنىڭ دولقۇنى ئايلاندى سەلگە.
ئاچتى كەڭ ئىشىك سەن تەشكەن سىپىل،
ياۋنىڭ قېنىنى شاراب قىلغىلى.

بولسىمۇ ياۋلار ھەرقانچە كۈچلۈك،
يەڭدى ئۇلارنى ئاداۋەت، ئۆچلۈك.
يېيىلدى ئەلگە شۆھرىتىڭ مەڭگۈ،
ياۋغا ياۋلارچە جاۋاب قىلغىلى.

ئۆتسىمۇ يىللار ئەسىرلەر ھالقىپ،
ئۆچمىدى نامىڭ قۇياشتەك بالقىپ.
قەبرەڭنى ئىزدەپ تاپتى ئەۋلادلار،
مەڭگۈ ھۆرمەتتە تاۋاپ قىلغىلى.

## نارات

بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى ئاھ،
بولدۇم ئاجايىپ مەھلىيا.
زەپ كېلىشكەن بىر ماكانسەن،
جەننەتتى رىزۋان گويا.

تاغلىرىڭ كۆككە تۇتاش،
ئاۋۋال سۆيۈپ ئۆتەر قۇياش.
قارىغاي ھەم ئارچىزارلىق،
ھەر چوققا، ھەر قاپتال، قىيا.

ئۆتسە شۇرلاپ شامىلىك،
ئەمبەر پۇرايدۇ ساھىلىك.
ئەيلەر مۇئەتتەر دىلنى خوپ،
قوينۇڭدىكى ھەربىر گىيا.

چوققىلاردىن شارقىراپ،
چۈشسە سۇلار ئۆركەش ياساپ.
ياڭرىتار گوياكى خور،
قايناپ ـ تېشىپ ھەربىر جىرا.

چەكسىز سوزۇلغان يايلىقىڭ،
يايلايدۇ ئات، قوي، تايلىقىڭ.
ھەر ئۆيدە مول سۈت، قايمىقىڭ،
ئەيلەر خۇمار قىمىز، قېزا.

توقايلىرىڭدىن مارىشىپ،
گاھ چۆچۈپ، گاھ تىنىك قارىشىپ.
ئاھۇلىرىڭ ھەر يان كېزەر،
كۆرستىپ غىل ـ پال سېيما.

ئورمانلىرىڭ ئارچا، قېيىن،
شېخىدا ئوينايدۇ تىيىن.
سايرىشىپ بەس ـ بەستە قۇشلار،
ئەيلەر كۆڭۈلنى مۇپتىلا.

قوينۇڭدا يايراپ قىز ـ ئوغۇل،
قانماس كۈلۈپ، ئويناپ ئۇسسۇل.
غەم ـ قايغۇدىن ھەر دەم يىراق،
شادلىققا تولغان بۇ دالا.

ئەي نارات كۆردۈم سىنى،
مەپتۇنۇ لال قىلدىڭ مىنى.
ئىلھام قۇشۇم قاقتى قانات،
بولدى گۈزەل قوينۇڭ ساما.

بۇلبۇل بولۇپ سايراپ تىلىم،
بولسۇن غەزەلخانىڭ دىلىم.
ئەيلەپ رىزا بارچىنى تەڭ،
بولغىن ئەبەدىلىك سەيلىگاھ.

## قارىغاي

قارىغاي، قارىغاي تاغلار كۆركى سەن،
زېمىنىنىڭ ئىجادى، نادىر مۈلكى سەن.
تۇرسەن چوققىلار ئۈستىدە مەغرۇر،
تەبىئەت لېۋىگە قونغان كۈلكە سەن.

تۇرسەن قىشمۇياز ياشىرىپ بىر خىل،
شاخلىرىڭ باراقسان، قامىتىڭ سەر خىل.
تەبىئەت رەڭ تۈزەر تۆت پەسىل ھەر خىل،
فورماڭنى ئۆزگەرتمەس جەڭچى بەلكى سەن.

تۇرسەن چوققىلار ئۈستىدە ھەيۋەت،
سىياقىڭ تاغلارغا بېرىدۇ سۆلەت.
يىلتىزىڭ يەتتە قات يەرنىڭ تەكتىدە،
ئوخشايسەن كۆك سۆيگەن مۇئەككەلگە سەن.

مۆجىزە تامامەن تۇرغان ـ پۈتكىنىڭ،
مۆجىزە تاش يېرىپ ئۈندا ئۆسكىنىڭ.
قالدۇرۇپ باغلارنى باشقىلار ئۈچۈن،
ياراتتىڭ تاغلاردا بوستان ئەلگە سەن.

ياشرىپ سەن بىلەن قار - مۇزلۇق تاغلار،
تۇتاشتى كۆز يەتمەس بوشلۇققا باغلار.
جان پىدا جانانغا يېتەر ئاقىۋەت،
ياراتتىڭ شۇنىڭغا لايىق ئۇلگە سەن.

يوق بىراق ئەمىنلىك ساڭا شۇ كەبى،
كەتمەيدۇ ئۇستۇڭدىن دوقاللار خەۋپى.
كۆزگە كۆپ چۈشكەننىڭ كۆپتۇر رەقىبى،
جۇدۇنلار ئەڭ ئاۋۋال سوقار بەلگە سەن.

جۇدۇنلار سەن بىلەن ئېلىشار دائىم،
پۈكمەككە قەددىڭنى چېلىشار دائىم.
شۇ جۇدۇن - چاپقۇندا ئۆسكەچ زورىيىپ،
بىرسەن بەرداشلىق ھەر مۇشكۇلگە سەن.

تۇزلەندى قامىتىڭ ئېلىشقانسېرى،
زورايدىڭ تىنىمسىز چېلىشقانسېرى.
قۇچاقلاپ شۇ ھالدا تاغ، كۆكنى تۇتاش،
تونۇتتۇڭ ھاياتىي كۈچنى ئەلگە سەن.

سۆيۈنمەس كىم سېنىڭ جەسۇرلۇقۇڭدىن،
سۆيۈنمەس كىم سېنىڭ گۈزەل تۇرقۇڭدىن.
جەسۇرلۇق، گۈزەللىك ساڭا قوش سۈپەت،
روھ ھەم زوق بابىدا مەڭگۈ ئۇلگە سەن.

## سايرام

ئېگىزدىن ئېگىزدۇر تەلكە داۋىنى،
يوللىرى تۇتاشقان كۆككە شوتىدەك.

شۇ داۋان ئۈستىدە تۇرسەن چاقناپ،
گويا بىر سېھىرلىك كۈمۈش قۇتىدەك.

زېمىننىڭ ئاسمانغا سۇنغا جامىمۇ،
دەپ ھەيران قېلىشار ساڭا ھەر نىگاھ.
دېيىشەر بەزىلەر ساما دۇلدۇلى،
سۇ ئىچىپ ئۆتمەككە يارالغان ئۇ چاھ.

بىلمىدىم، ھېلىمۇ تۇرامدۇ كېلىپ،
سۇ ئىچىپ ئۆتمەككە ساما دۇلدۇلى.
ئاي نۇرى ئوينىغان تۈنلەردە ھۆرلەر،
كېلەمدۇ چۆمۈلۈپ، ئويناپ كۆلگىلى.

بىلمىدىم، ھەممىنى قىلىپ لال بىردەك،
ياتىسەن باغرىڭدا بېسىپ كۆپ سىرنى.
شۇ ھالدا يا ئاقماي ۋە ياكى تاشماي،
ئۆتكۈزدۈڭ جىمجىتلا تالاي ئەسىرنى.

ئاق قۇلار ئۈستۈڭدە پەر قانات قاقسا،
قارايمەن ھۆرلەرنىڭ ئەسلى شۇمۇ، دەپ.
قارايمەن يىلقىلار ئويۇرلىرىگە،
ساماۋى دۇلدۇلنىڭ نەسلى شۇمۇ، دەپ.

ۋە لېكىن ھەممىسى خىيالىي تۇيغۇ،
نە ھاجەت ئۇنىڭغا قىلماق ئىلتىجا.
ئورىلىپ گۈللەرگە تۇرۇپسەن سايرام،
مەۋجۇتلۇق ئىلكىدە چېچىپ نۇر - زىيا.

سەن گويا بىغۇبار ئاسمان پارچىسى،
تۇرسەن مېھرىلىك كەڭ قۇچاق ئېچىپ.

دولقۇنۇڭ مىڭىشىپ دولقۇنلىرىڭغا،
ئۆركەشلەر ھەر يانغا بۇژغۇنلار چېچىپ.

ئېچىلىپ گۈل ـ چېچەك ساھىللىرىڭدا،
گۈل يۇراپ تۇرىدۇ شاماللىرىڭدىن.
قاپتاللار تون كىيگەن قارىغاي، ئارچىدىن،
ئۆتەلمەس توشقانمۇ چاتقاللىرىڭدىن.

جاراڭلاپ ھەر ياندا چوپان ناخشىسى،
بېرىدۇ بۇ چەكسىز گۈزەللىككە جان.
سۈت، قىمىز مول پىتى ھەر كىگىز ئۆيدە،
خۇش يۇراپ تۇرىدۇ چىللىشىپ مېھمان.

ئىچمەستىن مەست بولار بارچە مېھمىنىڭ،
قۇيغاندا خۇشپىچىم ساھىبخان قىمىز.
سەزگۈلەر ئويغاتقان لەززەت تەپتىدىن،
تۇرالماس ھەشقاللا ئېيتماي يۈكۈپ تىز.

ئۆتسىمۇ ئاي، يىللار ئۆچمەيدۇ ھەرگىز،
شۇ دەمدىن قەلبدە قالغان چوڭقۇر ئىز.
تۇرىدۇ سايرامنى سېغىندۇرۇپ تېز،
يادىدىن چىقماستىن قىمىز قۇيغان قىز.

شۇ كەبى مەن ساڭا بولدۇم مەھلىيا،
سەن ئەلنىڭ بەختىگە يارالغان دۇنيا.
ئۇنۇتار ئۆزىنى كىم باسسا ئاياغ،
لال قىلىپ ئەقلنى سەندە ھەر گىيا.

گەر دېسەك تەلكنى بىر ئالتۇن ئۈزۈك،
سەن ئۇنىڭ بىباھا ياقۇت كۆزى سەن.
تەسەۋۋۇر ئەيلىمەك بولساق جەننەتنى،
سەن ئاشۇ جەننەتنىڭ ئەينى ئۆزى سەن.

ياشىغىن، گۈللىگىن مەڭگۈ بەرق ئۇرۇپ،
تىلىكىم، تەگمىسۇن ساڭا ئەسلا كۆز.
ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە تىلەك، تەرىپكە،
تېپىلماس شائىرنىڭ تىل مۈلكىدە سۆز.

1982 ـــ 1990 ـ يىللىرى، غۇلجا ـ ئۈرۈمچى



# دوست بىلەن

دوست بىلەن خۇشتۇر كۆڭۈل،
دوستسىز كۆڭۈل گوياكى چۆل.
دوست بىلەن يايراپ يۈرەك،
شادلىق ئاچار لەۋلەردە گۈل.

دوست بىلەن ئازادىدۇر
ئاددىي، كۆرۈمسىز خانىمۇ.
بال تېتار ئىچكەن سۈيۈڭ،
سەزمەس غېرىبلىق ھېچ كۆڭۈل.

قىل سەپەر دوستۇڭ بىلەن،
باسساڭ غېرىبچە يولنىمۇ.
دوست بىلەن چەككەن ئازاب،
سالغاي بەخت ـ شادلىققا ئۇل.

دوست تۇتۇپ دوستنى كۆپەيت،
بەرمە ئازار دوستۇڭغا ھەم.
رەنجىمە قاتتىق تېگىپ،
بەزەن ساڭا كۆرسەتسە يول.

يىغلىتىپ سۆزلەيدۇ دوست،
بەختىڭنى كۆزلەپ ھەرقاچان.

كۆلدۈرۈپ ئېيتقان بىلەن،
دۈشمەن ساڭا بەرمەيدۇ قول.

دوست بىلەن بەجايىكى توي،
غۇربەتتە ئۆتكەن كۈنلىرىڭ.
سۇنمىغىن قالساڭمۇ ئاچ،
كۆڭلى قارا نامەردكە قول.

بولسا دەردىڭ دوستۇڭغا ئېيت،
دوستتىن تىلە، دوستۇڭغا بەر.
چۈشسە دوستۇڭ ھاجىتى،
قىلغىن ئۇنى جان دەپ قوبۇل.

دوست تاپقىنىڭ، يول تاپقىنىڭ،
كىمەڭ ئۈچۈن رول تاپقىنىڭ.
بۇ رولنى چىڭ تۇتقىن ئەبەد،
قۇچماققا شان ئالەمشۇمۇل.

1984 ـ يىلى نويابىر

# تۇتاش تۇپراق، تۇتاش كۆك ئاسمان

## چېگرا

تۇتاش تۇپراق، تۇتاش كۆك ئاسمان،
گىياھلارنىڭ يىلتىزى تۇتاش.
ئۈزەر كۆكتە بۇلۇتلار تەكشى،
تۇتاش نۇرلار چاچىدۇ قۇياش.

ئۇچۇپ ئۆتەر شامالار ئەركىن،
قۇشلار پەرۋاز قىلىشار ھەر يان.
ئاقار دەريا سۈيى ئۈزۈلمەي،
ئىككى ياننى قىلىپ باراقسان.

كىشىلەرنىڭ قەدىمى بىراق،
تاشلىنالماس ئۇياق ـ بۇياققا.
كەلدى ئايرىپ ئۇلارنى چېگرا،
قىلىپ مەنسۇپ ئىككى تۇپراققا.

بۇيان ئۆتۈپ، ئۆتەلمەي ئۇيان،
ئۇ ئالەمگە ئۈزىدى كۆپلەر.
تۆرىلىپ بىر ئاتا ـ ئانىدىن،
ئىككى ياقتا توزۇدى كۆپلەر.

بۈگۈن دەۋران باقتى جىلمىيىپ،
ئىككى ياقتىن ئۈزىتىشتۇق قول.

قىرىنداشلىق مېھرى ـ رىشتىسى،
ئاچتى بىرىپ ـ كېلىشلەرگە يول.

ئاتىلدىم مەن كۆرمەككە تۇغقان،
بىر قەدەملىك چېگرىدىن شۇئان.
پەقەت ئاشۇ بىرلا قەدەمدىن،
ۋىسال تاپتى كۆپ يىللىق ھىجران.

## ئۆسەك

يەركەنتتىن ئۆتۈپ ئۆسەك،
ئۆسەكنى بىرىپ كۆرسەك.
«كۆچ ـ كۆچ ناخشىسى»دىن.

سەيلىگاھ دەپ ئاتار ئۆسەكنى،
بولغاچ تالزار باشتىن ـ ئايىغى.
ماكانىدۇر بۇلبۇل، كاككۇكنىڭ
تالزارلارنىڭ خىلۋەت ئارىلىقى.

قىز كۆلكىسى كەبى ۋىلىقلاپ
ئاقار سۈزۈك سۇلار ھەرقاچان.
يايغان گىلەم گۈلدىن تەبىئەت،
قارلىغاچلار قىلار شوخ جەۋلان.

خۇش ساداسى دۇتار، تەمبۇرنىڭ
كېچە ـ كۈندۈز ياڭراپ تۇرىدۇ.
بۇندا ئۆتكەن كۆڭۈللۈك ھەردەم
بارچە غەمنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

بىراق دەردلىك خىيالدىن خالىي
بولالماسمەن كۆڭۈل خۇشلۇقى.

سالدى دەردلىك ئۆتمۈشنى ئەسكە،
ياڭراپ بىردىن «كۆچ - كۆچ» قوشىقى[1].

«كۆچ - كۆچ دېسە بىلمەيدۇ،
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.

كۆچمەنلەر كۆچۈپ ماڭدۇق،
بالا - چاقا پىيادە.
يامان دېمەڭلار بىزنى،
تەقدىر بىلەن ئىرادە.

قۇلۇنلىرى تاي بولدى،
يوغان بولدى، ئات بولدى.
يۇرتتا قالغان تۇغقانلار،
ئەمدى بىزگە يات بولدى.»

ئەسىرلىك دەرد بۇلۇتلىرىغا
تولدى كۆڭلۈم ئاسمىنى شۇ تاپ.
يامغۇر قىلىپ تۆكتى يېشىمنى
ئەجدادلىرىم چەككەن دەرد - ئازاب.

ئۇنتۇلماسكەن تارىخ ھەرگىزمۇ،
ئۇنتۇلماسكەن يۇرت مېھرى، ئىشقى.
ئۇنتۇلماسكەن قوۋمى قېرىنداش،
ئۈزۈلمەسكەن قانداشلىق مېھرى.

---

① چارروسىيە ئىلىنى بېسىۋالغان ئون يىل ئىچىدە (1871 - 1881) روسىيە تەۋەسىگە كۆچۈرۈلگەن ئىلى دېھقانلىرىنىڭ كۆچ - كۆچ قوشاقلىرى.

# ئالمۇتا

مومامنىڭ چۆچىكىدە تەرىپلىك بار،
ئالمىدا شۆھرىتىنىڭ بار، شەرىپىڭ بار.
چۈشۈمدە كۆردۈم سېنى تالاي قېتىم،
دىلىمدا ئۆچمەيدىغان ھۆرمىتىڭ بار.

ئىزىغا چۈشكىنىدە مۇدھىش بالا،
قىلغانتى سېنى پاناھ مەختۇمسۇلا.
جەڭگاھى بولدى باتۇر چىن تۆمۈرنىڭ
ئالاتاۋ باغرىدىكى چەكسىز دالا.

بەرمسەڭ ئۇ چاغ ئەگەر ئاڭا ئىمكان،
قانداقچە يالماۋۇزنى قىلسۇن يەكسان؟!
يالماۋۇز ئەزەلدىنلا ئورتاق دۈشمەن،
ئۇرغۇلۇق ئۇنى بىللە بارچە ئىنسان.

ياشىدۇق بىر ھېسسىياتتا شۇڭا ئىجىل،
ئۇلىدى دوستلۇق رىشتى دىلنى سىجىل.
قىسسىسى ئەلا بىلەن تازا بەگىنىڭ،
ئۇنتۇلۇپ كەتمەس ھەرگىز، ساقلايدۇ دىل.

سۇ ئىچىپ بىر دەريادىن كۆكلىدۇق تەڭ،
يۈكسىمۇ زېمىنمىزگە يۈكلىدۇق تەڭ.
شادلانساڭ سەن ئۇيىاندا، بىز بۇياندا،
جور بولدۇق شادلىقىڭغا ئېيتىپ ئۆلەڭ.

جەم بولۇپ ئۇرۇق ـ تۇغقان كۈلۈشتۇق شاد،
كۈلكىمىز ئاسمىنىڭدا قاقتى قانات.
كەڭ ئىكەن قۇچىقىڭمۇ ئاسمىنىڭدەك،
شۇڭلاشقا جۇشقۇن سەندە بۈگۈن ھايات.

## نۇر چاچتىڭ، يول ئاچتىڭ ئۆزۈڭگىلا خاس

شىر سۈپەت بەستىڭدىن تونۇدۇم سېنى،
قاپقارا قوي كۆزۈم تونۇتتى مېنى.
بۇغداي ئۆڭ چېھرىڭدە ئىللىق تەبەسسۇم،
جىسمىڭدا جۇش ئۇردى قىزغىنلىق قېنى.

كۆرۈشتۇق قۇچاققا يېيىپ كەڭ قۇچاق،
يېقىشىپ باغىرغا باغىرنى ئۇزاق.
كېسىلگەن ئىككى تاغ تۇتاشتى گويا،
قوشۇلدى دەرياغا دەريا بىسوراق.

سىردىشىش ئىلكىدە ئۆتتى تالاي كۈن،
ئۇلدى سۆھبەتنى ئارام ئالار تۈن.
ۋە لېكىن ئالمدۇق بىز قىلچە ئارام،
يەنە بىر ئۇچرىشىش بولارمۇ مۇمكىن.

سۆيۈندۈم بەقۇۋۋەت بەردەملىكىڭدىن،
سۆيۈندۈم ئىش سۆيەر ھەمدەملىكىڭدىن.
ئېتىزدا دېھقانسەن، باغلاردا باغۋەن،
شان قۇچتۇڭ ھەر ئىشتا ئەردەملىكىڭدىن.

كۆكسۈگىدە قوش مېدال تۇرۇپتۇ چاقناپ،
بېرىپسەن بېرلىنغا گېتلىرنى قوغلاپ.
قادالغان چېغىدا رېيخستاگقا تۇغ،
تۇرۇپسەن سەن ھەغدا دوستۇگنى قوغداپ.

كولخوزدا تولدۇرۇپ ئاشلىق سېگنى،
بازاردا يېقىپسەن ئەلنىڭ نېننى.
ئايلىنىپ كېتەلمەس ئىكەن ھېچ كىشى،
ھىدلىسا سەن ئەتكەن كاۋاپ ھىدىنى.

ئاشخاناڭ بولماسكەن مېھماندىن خالىي،
كېلەركەن ئۆزۈلمەي ئىشچى، زىيالىي.
خىلمۇخىل تامىقىڭ لەززىتى بىلەن،
كېتەركەن جەننەتكە ھەممە خىيالىي.

ئاھ خۇدا، بولمىقىڭ ئاسانمۇ شۇنچە،
سەن گويا ھەريانغا چېچىلغان ئۈنچە.
نۇر چاچىتىڭ ئۆزگىچە خىسلىتىڭ بىلەن،
كىم كۆتكەن نۇر چاچار دەپ سېنى مۇنچە.

نۇر چاچىتىڭ، يول ئاچتىڭ ئۆزۈڭگىلا خاس،
جىسمىڭدا مۇجەسسەم ئىجاد، ئېھتىراس.
قەدىمىي مىللەتسەن ئەنئەنىگە باي،
ئۆرلىگىن شۇ ئىزدىن، ھامان ئالغا باس.

# توقتوغۇل①

توقتوغۇل، توختاپ ئۆتتۈم تۇغقىنىم دەپ،
شېئىرىيەت شەيداسى بوپ ئۇققىنىم دەپ.
قەبرەڭنى قىلدىم تاۋاپ، ئوقۇپ دۇئا،
ئۆمرۈمدە ئېسىل پۇرسەت ئۇتقىنىم دەپ.

قەبرەڭگە قاملىشىپتۇ ئاق قالپىقىڭ،
ئاق قالپاق ئاق چوققىدۇر، تاغ قامىتىڭ.
زېمىنغا يانپاشلىغان ئالاتاۋدەك،
ئوبرازىڭ ئەل قەلبىدە، زور ئامىتىڭ.

سەن ئۆتتۈڭ كېزىپ قىرغىز دالاسىنى،
ياڭرىتىپ ئەلنىڭ يۈرەك ساداسىنى.
بەگ، باينى سۆكتۈڭ ھامان قومۇزۇڭدا،
ئوڭشىماق كويىدا ئەل ھاۋاسىنى.

پاتمىدىڭ كەڭرى قىرغىز دالاسىغا،
ئۇچرىدىڭ بەگ، بايلارنىڭ بالاسىغا.
سولاندىڭ نەچچە قېتىم، پالاندىڭ ھەم،
سىبىرنىڭ بارسا كەلمەس دالاسىغا.

توختىماي تۇردى ياڭراپ كۈيۈڭ بىراق،
تارقىلىپ شامال ئوخشاش يىراق - يىراق.

---

① توقتوغۇل ساتىلغانوف (1864 — 1933) — قىرغىز ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچى ئاتاقلىق خەلق شائىرى، كومپوزىتور ھەم ئۇستا قومۇزچى.

سەن گويا كۆۋەجگەن دەريا ئىدىڭ،
چاغ كەلمەس ئىدى ساڭا ھېچبىر توساق.

خەلقىڭنىڭ مەڭگۈ ئوتلۇق ئويىدا سەن،
ئاقىنلار ئېيتىشىشى، تويىدا سەن.
ياشايسەن ناخشاڭ بىلەن ئەسىر ھالقىپ،
خۇش كۆلۈپ ئىسسىق كۆلىنىڭ بويىدا سەن.

## نەۋائىي ھەيكىلى تىكلەنگەن تاشكەنت

نەۋائىي ھەيكىلى تىكلەنگەن تاشكەنت،
تۇرىدۇ شۇ ھەيكەل بىلەن نۇرلۇنۇپ.
نە ھەيكەل، ئۇ ئۇزاق تارىخ شاھىتى،
شېئىرىيەت كۆكىدە يانغان كۈن بولۇپ.

ئۇلىنىپ ئۇ بىلەن بەش ئەسىرلىك يول،
شېئىرىيەت دۇنياسى كىردى جىلۋىگە.
مۇخلىسلار باش قويار كۈندە نەچچە رەت،
سېغىنىپ باش قويغان كەبى قىبلىگە.

«خەمسە»نى چۇشۇرمەي قولدىن قىز - يىگىت،
قەدىمىي ئۇزلۇقنى ساقلار ئۆزىدە.
ئىستەيدۇ سۆيگۈدە ۋاپادارلىقنى،
لەيلىنى كۆرگەندەك مەجنۇن كۆزىدە.

گەر شېرىن بولسا ئەل، سەن بول پەرھاد دەپ،
ئوغلىغا «پەرھاد» دەپ ئات قويار ئاتا.
شېرىنغا تەققاسلار قىزىنى ئانا،
ئانىلىق بۇرچىنى قىلماققا ئادا.

ئانىلار ئارزۇسى، ئاتا مۇرادى،
گۈل - چېچەك ئاچماقتا ئەۋلادمۇئەۋلاد.
گۈل قىلدى تاشكەنتنى زامانغا لايىق،
ھۈنەردە يېتىلىپ تۈمەن مىڭ پەرھاد.

ئايلاندى گۈلشەنگە چىرچىق بويلىرى،
مىرزا چۆل بەرمەكتە پاختا ھەم نېفت.
سورىساڭ قۇرغۇچى ئاتالغان تامام،
بۇندىكى زەبەردەس ھەربىر قىز - يىگىت.

نەۋائىي ھەيكىلى تىكلەنگەن تاشكەنت،
تىكلىدىڭ ئەۋلادنى شۇ ھەيكەل بىلەن.
نۇر چاچار تارىخىڭ بولۇپ نەزمە - كۈي،
تىكلىدىڭ ئەجدادنى شۇ ھەيكەل بىلەن.

شۇ ھەيكەل بار بىزنىڭ مۇقامىمىزدا،
نەۋائىي تىلدا ياڭرار ئۇ ھامان.
ئۇ سېنىڭ تىلىڭدۇر، مېنىڭ تىلىم ھەم،
سۆزلىشىپ تۇرىمىز شۇڭا بىز راۋان.

ئۇلايدۇ ئاشۇ تىل نەسەب، تارىخنى،
ئوخشايدۇ شۇڭلاشقا دوپپاڭغا دوپپام.
ياد ئوقۇپ نەۋائىي نەزمىسىنى تەڭ،
ئىجىللىق مېھرىگە كۆتۈرەيلى جام.

1989 - يىلى ئاۋغۇست، سېنتەبىر

# مەشرەپتە تۇغۇلغان ئويلار

## دولان مەشرىپى

مەشرەپتە تۇغۇلغانمۇ دولان خەلقى،
ۋە ياكى قوشكېزەكمۇ مەشرەپ بىلەن.
مەشرەپسىز دىدارلىشىپ بولامدۇ يا؟
تۆزۈشەر ھەر كۈن مەشرەپ ھەر ئەپ بىلەن.

قالۇنغا تەڭكەش مۇقام جاراڭلىسا،
چېھرىلەر يانار شۇ دەم ئاتەش بولۇپ.
ئۇسسۇلغا چۈشەر ھەممە، يوقتۇر بۇندا
تارتىنىشمۇ، تارتىنىشمۇ، ھەم تەكەللۇپ.

دەسسىشەر دەۋر قىلىپ ھەممە بىردەك،
چېكىتمە، جۇلا، سەنەم، سەنەقەسكە،
يىگىتلەر غۇرۇرى ھەم قىزلار نازى،
نۇر بولۇپ سىڭگەن بۇندا ھەر نەپەسكە.

نامايان بوۋاي، موماي كۆزىدىمۇ
مۇقەددەس ئاشۇ غۇرۇر، شۇ نازاكەت.
تاپقاندەك ياشلىقنى گويا ئۇندىن،
بەسلىشىپ ئوينار ياشلار بىلەن رەت - رەت.

شۇ غۇرۇر، شۇ نازاكەت ئىلكىدىدۇر،
ئون ياشار نارەسىدە ئوغۇل ـ قىزمۇ.
شۇ غۇرۇر ئىلھامىغا بولدۇق ئورتاق،
تارتىنىش، ياتسىراشنى تاشلاپ بىزمۇ.

شادلىقتىن ئۇرغۇپ دىلدا زور ھاياجان،
ۋۇجۇدۇم كەتتى يايراپ، سۆيۈندى جان.
شۇ شادلىق بەخش ئەتكەن ئىپتىخاردىن،
تېپىلدى سوئالىمغا جاۋاب شۇئان.

خۇشاللىق مەشرەپنىڭ مەناسىكەن،
مەشرەپ خۇشاللىقنىڭ سەيناسىكەن.
كىلەركەن ئاڭا شادلىق ئىزدىگەنمۇ،
كىلەركەن ئاڭا ياشلىق ئىزدىگەنمۇ.

## ئۇسسۇلچى بوۋاي

ئاق ئېچىلغان ئەتىرگۈلمۇ ئۇ،
باشتىن ـ ئاياغ كىيىنىشى ئاق.
(يەكتىكى ئاق، كىيگەن بۆكى ئاق،
چاچ ـ ساقىلى، بىر جۈپ قېشى ئاق)

ئۇچۇرۇپ ئۇ ئاشۇ قېشىنى،
ماڭلىيىدا ئاق قۇ ئۇچقاندەك.
چۈشتى غۇلاچ كېرىپ ئۇسسۇلغا،
خۇشال كۈلۈپ، ۋىسال قۇچقاندەك.

مۇرىسىنى سەكرىتەر تىنماي،
خۇش ئاھاڭغا تەڭكەش پۇت دەسسەپ.

گاهى تىنچ ئۆزگەن يەلكەندەك،
گاهى ئاققان سۇدەك ئۆركەشلەپ.

زوق بېرىدۇ ھەربىر ھەرىكىتى،
گۈزەللىكىنىڭ بولۇپ سۈلكىتى.
تەسىرىدەك ياكى شوخ سازنىڭ،
بولار جاننىڭ شېرىن ئۆلپىتى.

قىلىپ ئۇنى زوق بىلەن كۆرەك،
ھاياجاندىن جۇش ئۇردى يۈرەك.
بوۋايىغمۇ، بۇ مەشرەپكىمۇ،
شېئىرىمدىن چاچتىم گۈل - چېچەك.

بولۇپ نەغمە، ئۇسسۇل سورۇنى،
شۇنداقلارنى ياراتتى مەشرەپ.
شۇنداقلاردىن تېپىپ كامالەت،
شۆھرىتىنى تاراتتى مەشرەپ.

## مەشرەپ ئىكەن ئىجاد قۇچقى

گۈل ئۇسسۇلى ئوينىلىپ بىردىن،
قولدىن - قولغا ئۆتتى گۈلدەستە.
نە گۈلدەستە، گويا ئوت - يالقۇن،
كەتتى سورۇن قىزىپ بىر پەستە.

گۈلنى ئالغان شوخ ئۇسسۇل بىلەن،
ھەمراھىغا سۇنار خۇش كۈلۈپ.
بېيىت تەلەپ قىلار ھەمراھى،
ئاڭا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ.

ئوقۇلدۇ يېڭى بىر بېيىت،
توقۇلدۇ يېڭى بىر بېيىت.
دەيدۇ گويا ھەممە مېھرىڭنى،
بېيىت قىلىپ كۆڭلۈمنى ئېرىتىپ.

ئوقۇلدۇ يېڭى بىر بېيىت،
توقۇلدۇ يېڭى بىر بېيىت.
دەيدۇ ھەممە سورۇننى گويا،
يېڭى - يېڭى بېيىتتا بېيىت.

يېڭى - يېڭى بېيىت ئېيتىلدى،
سورۇنغىمۇ مەزمۇن قېتىلدى.
شائىر ئىكەن خەلقىم تەبىئىي،
ھەممە مەشرەپ بىلەن يېتىلدى.

مەشرەپ ئىكەن ئىجاد قۇچقى،
تاۋلار ئەلنى ئوتلۇق ئوچقى.

## پوتا ئۇسسۇلى

قىزىق ئىكەن پوتا ئۇسسۇلى،
قىزىق ئىكەن بۇنىڭ ئۇسۇلى.
چىقسا پوتا كىمنىڭ قولىغا،
ئۇ ھۆكۈمران ئىكەن شۇ يولى.

پوتا سۇنۇپ، تارتىپ ئۇسسۇلغا،
قول ئۇزارتسا ئۇرۇپ قولىغا.
ئايالاندۇرار مەيداننى نەچچە،
پىرقىرىتىپ ئوڭ ۋە سولىغا.

لېكىن بۇندا يېگەن تاياقنى،
زارلاپ ھېچكىم تولغىماس بويۇن.
زارلانسا گەر قانچە تاياق يەپ،
شۇنچە كۆلكە قوزغار بۇ ئويۇن.

چەبدەسلىككە ئۆگىتەر شۇڭا،
بۇ ئويۇننىڭ بارچە ھەرىكىتى.
چەبدەس كىشى تەگكۈزمەس تاياق،
كۆپ تاياق يەر ئەڭ پالاكىتى.

بىر قىز بىلەن بىر يىگىت بىراق،
كۆرسەتمىدى بۇنداق ماھارەت.
يىگىت قىزغا ئۈزىتىپ پوتا،
سىلكىپ قويدى ھاۋادا پەقەت.

قىز قىزاردى لەيلىقازاقتەك،
پوتا ئۇچۇن قولمۇ سۇنمىدى.
يىگىت ئۇنى قايتا ئۇرمىدى،
ئۇرۇشقىمۇ كۆڭلى قىيمىدى.

بولدى ئايان سىرى ئۇلارنىڭ،
مەشرەپ ئەھلى خۇشال كۈلۈشتى.
دېمەك ئۇلار مەشرەپ ئەھلىدىن،
سۆيگۈسىگە ئۇنۋان ئېلىشتى.

## خاتىمە

بەك كەڭ ئىكەن مەشرەپ قۇچىقى،
مەزمۇنىمۇ ئىكەن شۇنچە مول.

بولۇپ «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى»،
ئۆسكەن شۇڭا بۇندا قىز - ئوغۇل.

ئايمۇ پاتتى، تۈگىدى ئويۇن،
يۈرىكىمدە چوڭقۇر ئىز قالدى.
قۇلىقىمدا ياڭراق ساز - ناۋا،
يادىمدا شۇ ئوغۇل - قىز قالدى.

مەن سېغىنسام دولانلىقلارنى،
بولار مەشرەپ يادىمدا پەيدا.
— قىزىتىڭلار، — دەيمەن، مەشرەپنى،
قىلىپ جاھان ئەھلىنى شەيدا.

1990 - يىلى، مەكىت - ئۈرۈمچى



# چىقتنڭىز

( پېشقەدەم خەتتات ـ رەسساملارغا بېغىشلايمەن )

ياشىنىپسىز، پەيتى كەلدى، دەم ئېلىشقا چىقتىڭىز،
دەم ئېلىشقا پىكرىڭىزنى جەم قىلىشقا چىقتىڭىز.

نەۋرىڭىزمۇ چوڭ بولۇپ، بوپتۇ راۋان مەكتەپكە،
دوستنى يوقلاپ، ئۆزگە غەمنى كەم قىلىشقا چىقتىڭىز.

جۆپتىڭىزمۇ شادلىنىپ، ئاچتى قويۇن سىزگە كۈلۈپ،
ئۇۋۇلىماققا كۆڭلىنى ھەم پەم قىلىشقا چىقتىڭىز.»

جۆپتىڭىز دەيدۇ خۇشال: «ئىلكىمىزدە ھەممە بار،
لەززىتىگە مېنىمۇ ھەمدەم قىلىشقا چىقتىڭىز.

ۋە لېكىن ئېيپ كەلدىڭىز قەغەز، كىتابنى دەستىلەپ،
ئاڭا بارلىق ۋاقتىڭىزنى يەم قىلىشقا چىقتىڭىز.»

جۆپتىڭىز قاقشايدۇ دائىم: «ئەمدى بۇ قانداق قىلىق،
دەم ئېلىش قانداق نېمە، بىلمەي نېمىشقا چىقتىڭىز؟»

سىزىسىز ھەم يازىسىز تۈننى ھامان تاڭغا ئۇلاپ،
كۈچ يىغىپ تەنگە گويا قايتا چېلىشقا چىقتىڭىز.

پەش، چېكىت يۇلتۇز بولۇپ، نۇر چاچار كۈندەك پىكىر،
يورۇتۇشقا باشقىنى شامدەك يېنىشقا چىقتىڭىز.

دەستلەندى قولىڭىزدا بىزىلىپ سانسىز ۋاراق،
ھەر ۋاراقتىن خۇش پۇراق بىر گۈل ئېچىشقا چىقتىڭىز.

ئاچمىسا گۈللەر چېچەك بولغاي باھاردا نە ھۆسن،
دەۋرىمىز باھارىغا خۇش سىن قېتىشقا چىقتىڭىز.

كىم دېگەي بۇ ھالدا سىزنى «قالمىدى تەندە مادار،
ياشنىپ، ياشتۇق يۆلەپ ئوڭدا يېتىشقا چىقتىڭىز.»

قىسقا ئىنسان ئۆمرى، يەتمەيدۇ ئىمكان ھەممىگە،
بولسا زەررە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئەلگە قېتىشقا چىقتىڭىز.

ياش بوغۇنلار دەيدۇ شادىمان: «سىز پەخرىلىك پېشقەدەم»
پېشقەدەم خىسلىتىنى دىلغا چېتىشقا چىقتىڭىز.

ئۇنتۇماس ئەۋلاد ھامان سىزدەك باھادىر ئاتىنى،
مەڭگۈ مەردلىك روھىنى يالقۇنلىتىشقا چىقتىڭىز.

1992 ـ يىلى مارت

# سۆيگۈ ئۇچقۇنلرى

## ئەي پەرى

بىر كۆرۈپ كىردى كۆڭۈل ئىشقىڭ كويىغا، ئەي پەرى،
ئىككى كۆرمەكنى يېقىر پۈكتى ئويىغا، ئەي پەرى.
ئۈچ كۆرۈشكە گەر نېسىپ قىلسا مۇيەسسەر ئىگىسى،
پەس كېلەر بەلكىم ساما يېقىر بويىغا، ئەي پەرى.
تۆت كۆرۈپ تاپسام ۋىسالىڭ ۋەسلىدىن بىر زەررە نۇر،
قاپلىغاي تەلەي گۈلۈم ئەلنى بۇيىغا، ئەي پەرى.
بەش كۆرۈپ دەرمەن: ئەمەس ئەپسانە ھۆرلەر قىسسەسى،
بەردى جان ھۆسنۈڭ شۇ ھۆر رەڭگىرويىغا، ئەي پەرى.
ئالتە كۆرسەم مەي ئىچىپ سۆيگۈ ۋىسالىڭ جامىدىن،
يەتتە ئىقلىمنى يېقىر يىغقاي تويىغا، ئەي پەرى.

## جىسمىم ئىشق، مەن ئىشتىياق

بىر يىگىت ئەردىم غەم ـ غۇسسە، ئازابلاردىن يىراق،
نە بالا بولدىكى، كۆيدۈردى مېنى ئىزگۈ پىراق.
ئاقتۇرۇپ جىسمىمدا قېنىمنى گويا يالقۇن سۈپەت،
ملك قۇياش تەپتىنى كىرگۈزدى بۇ تەنگە ئىشتىياق.
«ئىشتىياقنى تارتا ـ تارتا ھېچ مادارىم قالمىدى»،
كۆندۈزى بىھوش، گاراڭمەن، كېچىدە بىدار بىراق.
گەر دېسەم ئاھ، ئۆرتىنەر ئالەم ئۇنىڭ يالقۇنىدىن،

گەر دېسەم ئۇھ، ئۇھلىرىم ياققاي سامالارغا چىراغ.
شۈكرىكىم، تاپتىم لېكىن ئۆمرۈم يولى، مەنەسىنى،
جان پىدا جانانىغا يەتكەي نېچۈك چەكمەي پىراق.
مەن تۆرەلدىم سۆيگۈنىڭ يالقۇنىدىن قايتا بۈگۈن،
سىڭدى جىسمىم ئىشقىغا، جىسمىم ئىشق، مەن ئىشتىياق.

## ئەجەب غەمزەلىرىڭ باردۇر

ئەجەب غەمزەلىرىڭ باردۇر قىلىپ مەپتۇنۇ ھەيرانە،
بولۇپ لالە، ئۇچار كۆڭلۈم قۇشى ھەريانە ـ ھەريانە.
ئەگەر كۈلسەڭ كۆڭۈل يايراپ ئالار ھۆسنۈڭ نۇرىدىن زوق،
بولۇپ شەمئىگە جان پەرۋەر گويا پەرۋانە ـ پەرۋانە.
تۈرۈلسە قوشۇماڭ، لېكىن ئەمەسمەن مەن ئۆزۈم ئەسلا،
گادايدۇرمەن بوسۇغاڭدا ھامان ۋەيرانە ـ ۋەيرانە.
چېچىلغان ئۇشبۇ كۆڭلۈمدىن خىتاب ئەيلەر مېنىڭ جىسمىم،
ئىدىم بىر دانە، بولدۇم مەن بۈگۈن ھەر دانە ـ ھەر دانە.
ساڭا خوپمۇ مېنى قىيناش چىرايلىق غەمزە ـ تەننازدا،
نە بولغاي قۇت ـ ۋىسال بەرسەڭ بولۇپ سۆيگۈدە مەردانە.

## ئىزىڭدىن كېزىمەن دائىم

سېنى كۆردۈم، سېنى سۆيدۈم بۇ جانىمنىڭ جانانى، دەپ،
ئەجەب قاچىڭ قىيا باقماي قۇتۇلماقنىڭ تامانى، دەپ.
ئىشق ئەھلى ئۇچۇن قىسمەت ھامان شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ،
بۇرۇن ئادەمئاتا كۆيگەن شۇ قىسمەتتە ھاۋانى، دەپ.
ئۇدۇمدۇر بۇ ئىشق ئەھلى ئۇچۇن كۆيمەك ۋەسل ئىزدەپ،
ئىشق تاۋلار ئوتى بىرلە ئەبەدلىككە ۋاپانى، دەپ.
دېمەسمەن ئاھ، شۇڭا قانچە ئوتۇڭدا ئۆرتىنىپ كۆيسەم،

ئىزىڭدىن كېزىمەن دائىم ئۆزۈڭ قىلغىن داۋانى، دەپ.
گۈزەل ئارمانلىرىم ئىشقا ئاشارمۇ بىر كۈنى دىلبەر،
كېلەرسەنمۇ قۇچاغىمغا ئەجەب تارتىنىڭ جاپانى، دەپ...

## سەن پەرى

يوقتۇر جاھاندا سەندەك بىر پەرى،
بولسىمۇ بولماس مەندەك مۇشتەرى.
قەددىڭ نىھالى ئۆسمەس ھېچ باغدا،
ئۆسسىمۇ يەنە ئۆزۈڭ سەرۋەرى.

غۇنچە لېۋىڭدەك ھېچ غۇنچە بولماس،
بولسىمۇ بولماس لېۋىڭدەك بەھرى.
چولپان كۆزۈڭنى دورالماس چولپان،
نە قىلغاي ئۇندا كۆزۈڭنىڭ سېھرى.

ئايدەك جامالىڭ داغ سالدى ئايغا،
ئايدىن نۇرانە ھۆسنىڭ ئەنۋەرى.
مەن سېنى كۆردۈم ئازدىم ئەقلىمدىن،
قۇتقۇزغۇچۇم سەن ئەي ھۆر - پەيكەرى،
تۇرغانغا سۇنغىن ۋەسلىڭ مەيدىن،
يانسۇن چاراقلاپ سۆيگۈ ئەختەرى.

## سۆيگۈ

سۆيگۈ ئۆلمەس سۆيگۈگە ئالەم گۇۋا،
سۆيگۈسىز ئادەم خاراب، ئالەم غۇۋا.

سۆيگۈنى ئەتسە تەقىب، تىل تۇتۇلار،
سۆيگۈسىز دەرد ئەھلىگە يوق ھېچ داۋا.
سۆيگۈدۇر ئادەم روھىنىڭ جىلۋىسى،
سۆيگۈسىز ئىنسان قۇرۇق قاقشال گويا.
ئۆلمىگەن جان سۆيگۈدىن لەززەت تاپار،
سۆيگۈ ئىنسانغا زۆرۈر سۇ ۋە ھاۋا.
قايتىلاپ كىردىم كوچاڭغا شۇڭا مەن،
سۆيگۈنى ناخشام ئۈچۈن ئەيلەپ راۋا.
جور بولۇپ قوشقىن ئاۋاز ئەي گۈل نىگار،
ئۇلغاي «ئۇششاق»قا «سىگاھ»نى «ناۋا».
ياڭرىسۇن ئاۋازىمىز ھەر يان تاراپ،
خۇددى قۇچقاندەك زېمىننى شوخ سابا.

## قەدىناس ناخشا

قايتىلاپ كىردىم كوچاڭغا، ئەي نىگار،
بۇ قەدىم ناخشامنى ئەيلەپ دىلغا يار.
ئەيلىمە بۇندىن تەئەججۇپ كونا دەپ،
يەنىلا ناخشامدا ئىشقىڭ مېھرى بار.
ھەر قېتىم ئېيتسام بۇنى زوقۇم بىلەن،
جۇش ئۇرار قەلبىم مېنىڭ بىئەختىيار.
قىلدىڭ پەرۋاز يىراققا ئويلىرىم،
دىلنى ئەيلەپ گۈل يۈزۈڭگە ئىنتىزار.
سۆيىمەن ھەر دەم شۇڭا بۇ ناخشىنى،
قىلغۇسى ئېيتقانچە ئىشقىم جىلۋىدار.

مەڭگۈ ئۆلمەس سۆيگۈنىڭ جۇلاسى ئۇ،
قىش ۋە ياز كۆڭلۈم بېغىنى ياشنىتار.
چاچلىرىمغا قونسىمۇ ئاپپاق قىرو،
سۆيگۈدىن قەلبىمدە ياشلىق — نەۋباھار...

## بولسا

1

يارى بولسا، ياندا بولسا، كۆرۈشۈپ تۇرسا،
بىر شاختىكى جۈپ غۇنچىدەك تېگىشىپ تۇرسا.
بىللە ئويناپ، بىللە كۈلسە، ھەسرەت چەكمىسە،
كۆرەلمەسلەر پىتنە قىلىپ، ھەسەت چەكمىسە.

2

كۈلپەتتە بولۇپ ھەمدەم تاغ كەبى يۆلەك بولسا،
ئۇسسىسا بولۇپ زەمزەم داۋائى يۈرەك بولسا.
كۆزلىرى خۇمار بولسا، بويىندا تۇمار بولسا،
لەۋلىرىدىن سۇ بەرسە دىل ئاڭا خۇمار بولسا.
رۇخسارى تولۇن ئايدەك، چاچلىرى سىياھ بولسا،
ھىجران تۈنىدە يارنىڭ يولىغا زىيا بولسا.

## كۆكۈل ئىستىكى

ئۈمىد ئاتا قىلغاي ماڭا كۆڭلۈم ئىستىكى،
ئىستىكىمنى يارىم ئۆزۈك ئادا قىلغايسەن.

بىر سېنى دەپ كەزدىم ھىجران باياۋانىنى،
ۋىسالىڭدىن دىلغا كەۋسەر ئاتا قىلغايسەن.

مۇشكىلاتنى يەڭمەك ئەسلى مەردلىك قىسمىتى،
مەردلىك ئۆزى باتۇرلارنىڭ ئورتاق خىسلىتى.
دەيمەن شۇڭا جاپانىڭمۇ باردۇر نېمىتى،
چەكسەم جاپا گەر يولۇڭدا ۋاپا قىلغايسەن.

ۋاپانى دەپ چەكمەك جاپا مەردلىك قىممىتى،
ۋاپا ئەيلەپ چەكمەك جاپا دەۋران ھېكمىتى.
ئۆتتى دەۋران، ئۆچمىدى ھېچ ئاشىقلار ئىبتى،
زۆھرە، سەنەم، ئۇزرا بولۇپ سادا قىلغايسەن.

## ۋەسلىڭ غېمى

ۋەسلىڭ غېمى يۈرىكىمنى چاك قىلدى،
داۋاسىنى سەندىن ئىستەپ كېلۇرمەن.
ئىشقىڭ ئۆرتەپ بۇ تېنىمنى خاك قىلدى،
سېماسىنى سەندىن ئىستەپ كېلۇرمەن.

شەيدالىقىم ئايان زەپىران يۈزۈمدىن،
دىل ئىزىلەر ھەردەم غەملىك سۆزۈمدىن.
قوش بۇلاقتەك ئاقار يېشىم كۆزۈمدىن،
شىپاسىنى سەندىن ئىزدەپ كېلۇرمەن.

سۇ قاينىماس قازانغا ئوت ياقمىسا،
گۈل ئېچىلماس باھار سۈيى ئاقمىسا.
ئاشىق كۈلمەس، مەشۇق كۈلۈپ باقمىسا،
مەنەسىنى سەندىن ئىزدەپ كېلۇرمەن.

## سۆيگۈم ئىشقى نىھالىڭدۇر

مېنى ئىشق يولىغا سالغان
قەددى شەمشاد كامالىڭدۇر.
تەندىن ئەقىل ـ ھوشۇم ئالغان،
مىسلى ئايدەك جامالىڭدۇر.

باھاردەك گۈل پەسلىڭنى دەپ،
مۇھەببەتلىك ۋەسلىڭنى دەپ،
ھۆر ـ پەرىدەك ئەسلىڭنى دەپ،
دەرد چەكمىكىم قامالىڭدۇر.

يېتەرمەن دەپ مۇرادىمغا،
ۋەدە قىلدىم ئۆز ئالدىمغا.
سەرسان قىلغان مېنى ھەريان،
بويى مەستخۇش شامالىڭدۇر.

قىينىما دەر كۆڭلۈم ساڭا،
تەئەللۇق دەر ئۆمرۈم ساڭا.
كۆڭلۈمدە سەن، ئۆمرۈمدە سەن،
سۆيگۈم ئىشق نىھالىڭدۇر.

## كەلمىسەڭ باراي يارىم

بىر ئۇيان ئۆتۈپ كەتتىڭ،
بىر بۇيان ئۆتۈپ كەتتىڭ.
ساچىڭنى پۇلاڭلىتىپ،
كۆڭلۈمنى چېقىپ كەتتىڭ.

ئۇيانمۇ ئۆتەي دەيمەن،
بۇيانمۇ ئۆتەي دەيمەن.
بىر كۈلۈپ باقار بولساڭ،
مىڭبىر چۆرگىلەي دەيمەن.

ئالدىڭغا بارايمۇ، يار،
يولۇڭغا قارايمۇ، يار.
قول سىلىپ چىقىپ كەلسەڭ،
پاياندار سالايمۇ، يار.

ئۇياننىڭ داۋانى يوق،
بۇياننىڭ ياۋانى يوق.
كەلمىسەڭ باراي يارىم،
سۆيگۈنىڭ پايانى يوق.

1993 - يىلى، ئۈرۈمچى

# ئاياللار

## ئايال

مەن ئايالدىن تۇغۇلدۇم،
ئۆستۇم ئايال قوينىدا.
بولدى ئايال سىردىشىم،
ھەردەم ئوتلۇق تۇيغۇدا.

لەززەتنى دۇنيانىڭ
كۆردۈم ئايال مېھرىدىن.
كۆردۈم گۈزەل ئىقبالنى،
نۇر ئوينىغان چېھرىدىن.

ئۇ ھاياتنىڭ بۇلىقى،
ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى.
يوق ئۇنىڭسىز ئالەمنىڭ،
گۈزەللىكى، خوشلۇقى،

سىردىشىم ئۇ مۇڭدىشىم،
تائەبەتلىك قولدىشىم.

## ئانا

يارالدىمۇ ئالەم سېنىڭدىن،
يارالدىڭمۇ يا سەن ئالەمدىن؟

ياشنماقتا كۆچ تېپسپ ئالەم،
سەن تەۋەللۇت قىلغان ئادەمدىن.

دېمەك ئالەم ئادەم ئىلكىدە،
ئادەم بىلەن ئالەم كۆلكىدە.
گەر بولمىسا ئادەم، ئالەمنىڭ،
نېمە جىلۋە بولسۇن مۇلكىدە؟

ئانا بولۇپ ئۇلۇغ ئادەمگە،
ھاياتلىقنى ياراتقان ئۆزۈڭ.
ھۆسنۈڭدىن نۇر چېچىپ ئالەمگە،
گۈزەللىكنى تاراتقان ئۆزۈڭ.

ئۇچساق تاغلار يۇلتۇزلار ئارا،
دىلدا نامىڭ يەنە سەرلەۋھە.
قۇتلۇقلانسا ئۇلۇغلۇقتا كىم،
تەئەللۇقتۇر ساڭا ھەر لەۋھە.

## يار

قىسمەت مېنى قىلدى ساڭا يار،
قىلدى ھەمدە دىدارىڭغا زار.
دىدارىڭدىن بەرسەڭ كۆرۈنۈش،
شادلىقىمغا كەلگەي جاھان تار.

باسقان ئىزىڭ زىيارەتگاھىم،
ھۆسنۈڭ كۆڭلۈم كۆكىدە ماھىم.
خىيالىڭدا بىدارمەن كۈن - تۈن،
قاپلار كۆكنى بۇلۇتتەك ئاھىم.

خىيالىمدا كۆرمەك ئىستەيمەن،
لەۋلىرىڭنى سۆيمەك ئىستەيمەن.
ياشايمەنغۇ شۇ لەۋلەرنى دەپ،
جۇنۇنلۇقتىن ئۆرنەك ئىستەيمەن.

ۋۇجۇدۇمدا سۆيگۈڭ ئېقىنى،
كۆزلىرىمدە ئىشقىڭ چېقىنى.
قىلىپ شۇنچە مەپتۇن - مۇپتىلا،
نېمە كويغا سالىسەن مېنى؟

كۆيۈپ - كۆيۈپ ئوتۇڭدا شۇڭا،
مىسالى بىر پەرۋانە بولدۇم.
كۈندە نەچچە ئۆلۈپ - تىرىلىپ،
مەڭگۈ ئۆلمەس ئەپسانە بولدۇم.

## سەن بىر تىرىك مەبۇدە ماڭا

جىسمىڭدىكى نازۇكەرەشمە،
يوق ئىزدىسەم ئىقلىم ئىلكىدە.
تەسۋىرىگە يۇقتۇرماس سۆزمۇ،
شائىرلارنىڭ كۆڭۈل مۈلكىدە.

ئۈنى ئەينەن سىزىپ چىقالماي،
كېزەر رەسسام رەڭ دۇنياسىنى.
ھەيكەلتىراش تاراشلار مەرمەر،
ئىزدەپ ئۈنىڭ نۇر جۇلاسىنى.

لېكىن، ئەپسۇس قانچە ئۇرۇنسۇن،
ئوخشىتالماي ئاۋارە ساڭا.
باش قويىمەن ساڭىلا شۇڭا،
سەن بىر تىرىك مەبۇدە ماڭا.

## بولمىساڭ ...

خىيالىم ئالەمنى چىقسا ھەر كېزىپ،
چىقمەن سەن ئۈچۈن سۆزدىن دۇر تىزىپ.
مەجنۇندۇر جىمىكى كاسپلار ئەھلى،
ئىشلەيدۇ سەن ئۈچۈن ئەقلىدىن ئېزىپ.

گەر ھالقا ياسىسا زەرگەرلەر زەردىن،
تەققاسلار يۇلتۇزغا، ئايغا، قۇياشقا.
تىككۈچى تىكىدىنمۇ ئۆزگىچە ئۇزلۇق،
ئىزدەيدۇ سەن ئۈچۈن باشقىدىن باشقا.

موزدۇزلار قوپۇرۇپ پاشنىنى سەر خىل،
يەتكۈزمەك بولىدۇ كۆككە بېشىڭنى.
باپكارلار رەڭ بېرىپ شايىغا ھەر خىل،
باھارغا ئوخشاتماق بولار جىسمىڭنى.

كۆرىمەن ھەممىنى، سۈرىمەن خىيال،
ھەممىسى سەن ئۈچۈن ئەي ئېسىل ئايال.
تېخىمۇ جىلۋىدار بولسۇن دەپ سېنى،
ئىزدىنەر ھەممىسى، ئەي ساھىبجامال!

بولمىساڭ سەن ئەگەر بولماس بۇ ئىجاد،
ئىجادقا دەۋەتكار سەن ئۆزۈڭ پەقەت.

گۈزەللىك ئۇقۇمى خاستۇر ساڭىلا،
گۈزەللىك دۇنياسى سەن ئۆزۈڭ ئەبەد.

## خاتىمە

مەھلىيا سەن، مەھلىيا مەن ھەم،
مەھلىياغا مەھلىيا كېرەك.
بۇلبۇل نېچۈن سايرىغاي بىدار،
قىلمىسا گەر جىلۋە گۈل ـ چېچەك.

گۈل ۋە بۇلبۇل مىسالى بىزگە،
بولسۇن ئەبەد ـ ئەبەدكە ئۆرنەك.
مەھلىياغا بولۇپ مەھلىيا،
بولايلى بۇ ئالەمگە بېزەك.

1994 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ئوت يۇرتىدا ئوتلۇق كۆي

## كارىز ھېكمىتى

ئەي تۇرپان مەن سېنى كۆرىمەن پات ـ پات،
جۇش ئۇرۇپ قەلبىمدە قايناق ھېسسىيات.
ئۈستۈڭ ئوت، ئاستىڭدا زۇمرەت شوخ ئېقىن،
دەيدىكەن كۆرگەنلەر بۇ زور تىلسىمات.

دىيىشەر خۇش كۆلۈپ ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ،
تىلسىمات ئەمەس بۇ، بەلكى كەشپىيات.
يالقۇنىنى قوغلىغان زۇمرەت ئېقىندا،
كارىزچى ھېكمىتى بۇنىڭغا ئىسپات.

شۇ ئېقىن ئىزىدىن كىردى جىلغىگە،
تۈمەنمىڭ گۈل ـ چېچەك ئېچىلىپ قات ـ قات.
مۇئەتتەر ئەيلىدى ھەر يانىنى ھىدى،
چىقىرىپ ھاياتلىق بەرگىدىن قانات.

ھېچقانچە ئەمەسكەن دەپ قالما ھەرگىز،
ھەر كارىز بېشىغا چىقساڭ چىپىپ ئات.
يەتتە قات يەر تەكتى بېشىدۇر ئۇنىڭ،
شۇڭغۇماق ئۇنىڭغا تەسەۋۋۇرغا يات.

زىيارەت ئەيلىسەڭ تۇرپاننى شۇڭا،
ئەڭ ئاۋۋال كارىزنى كۆرگىن دوستۇم شاد.
كارىزچى گوياكى خىزىردۇر بىلسەڭ،
كارىزدۇر بىر ئۇلۇغ كەشپىيات ـ ئىجاد.

ئىچتىم مەن ئوچۇملاپ كارىز سۈيىنى،
ھەر قەترە ـ تامچىسى بىر ئابىھايات.
نۇرلاندى كۆزلىرىم لەززەت ئىلكىدە،
كۆزۈمگە كۆرۈندى ئىجادكار ئەجداد.

## بىزەكلىك

گۈل چاچار ھۆرلەر گويا ئوينايپ ئۇسسۇل،
ھەربىرى تويزىنىڭ ئۆزى، چىرايى گۈل.
ساماۋى كۈيلەر ياڭرار ھەر تەرەپتە،
سېھرىدىن سۈكۈناتتا كۈيچى بۇلبۇل.

داپ، ساتار، بۇرغا، تارشا، ھەم يالغۇزەك،
ھەربىرى بىزەكلىككە كۆركەم بىزەك،
كېلىدۇ كۈيلەپ تەكشى قەدىم تىلدا،
ئەجدادلار غۇرۇرىنى قىلىپ كۆرەك.

ئۇلىدى ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە،
ھەر سۇۋۇق تاملىرىغا نەقىش بولۇپ.
چۈش كەبى بولدى نىھان يەنە كۆپى،
يىل ـ ئەسىر شامالىرى ھۇۋلاپ ئۇچۇپ.

مەۋجۇتلۇق يوقالمايدۇ لېكىن ھەرگىز،
يەنە يىل شامالىرى ئۇنى ئاچتى.
تەۋەررۇك بىلىپ ئۇنى ئەجدادىدىن،
ئەۋلادلار خۇشال كۈلۈپ قۇچاقلاشتى.

مۇقەددەس قامۇس بىزگە ھەربىر سۇۋۇق،
ۋاراقلا، دەيدۇ ساڭا، مېنى تولۇق.
نائېنىق قىياسلاردىن ساقلار سېنى،
ھەر سۇرەت كۆتۈۋېلىپ ئوچۇق - يورۇق...

بېزەكلىك بېزەك ئىكەن يۇرت ھۆسنىگە،
چەككەندەك گوياكى گۈل گۈل ئۈستىگە.
قەلبىمگە نەقش قىلىپ ئويۇۋالدىم،
تاقىماقتا ئۇندىن چېچەك ئەل كۆكسىگە.

## ئىدىقۇت خارابىسى ئالدىدا

قۇياشنىڭ ئاستىدا ياتقان خارابە،
سۆكۈتتە ئۆتكۈزدۈڭ تالاي ئەسرنى.
يۇلتۇزلۇق كېچىلەر تۇرامسەن چۆشەپ،
ئۆتمۈشۈڭ بالقىغان قەدىم قەسرنى.

سەن كەبى سۆكۈتتە باقمەن ساڭا،
ئاختۇرار نەزەرىم ئۆتمۈشۈڭدىن ئىز.
ھەر كۇملاچ، كېسەكلىك بىر قامۇس بېتى،
سۆزلەيدۇ ئۆتمۈشنى ئۈنسىز، تىۋىشسىز.

ئاڭلىدى ۋە بەلكىم چۈشەندى بىر - بىر،
تېمىغا ئىسمىنى ئىركىدى بىر قىز.
ئالدىدا سۈرەتكە چۈشتى بەس - بەستە،
نەچچە توپ ئالتۇن چاچ، دېڭىز رەڭلىك كۆز.

جانلاندى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەلكىم،
قەدىمي سۈرىتى يىپەك يولىنىڭ.
مەغرىبنى مەشرىققە ئۇلىغان شۇ يول،
بولدى چىن سىمۋولى دوستلۇق ئۇلىنىڭ.

مەرىپەت نۇرلىرى ئاقتى شۇ يولدا،
كارۋانلار ھەر يانغا تىنماي ئاققاندەك.
تونۇدۇق سوقراتنى، ئارىستوتېلنى،
ھە ئۇلار سۈجۈپنى بىزدىن ئۇققاندەك.

پەلەككە ئۆرلىگەن قەلئەلىرىدىن،
كېتىشكەن قانچىلار ئېلىشىپ ئۆرنەك.
ماختىشىپ بەس - بەستە كارىزلىرىنى،
ئىچىشكەن سۈيىنى قاندۇرۇپ يۈرەك.

مۇقاملار ياڭرىغان ئېتەكلىرىگە،
بۇلبۇللار ھەرقاچان ئىدى جان پىدا.
ئامىتىڭ ئۈستىگە قاتلايتتى ئامەت،
تۆگىلەر كارۋىنى ياڭراتقان سادا.

قاچانكى بۇرۇلدى ئوكيانغا بۇ يول،
شۇ كۈندىن باشلاپلا ئامىتىڭ قاچتى.

كارۋانسىز مۇڭلانغان يېپەك يولىغا،
چۆل - دەشتلەر بورىنى قوينىنى ئاچتى.

چۆل - دەشتلەر ئۆلكىدە بېكىنىپ ئۇزاق،
قالدىڭسەن ئالەمدىن بەكمۇ يىراقتا.
سۇكۇتتىن ئۆزگىنى بىلمىدىڭ بىراق،
ياشناشمۇ ئۆتمۈشنى ئەسلەپ پىراقتا.

ئېخ، بۈگۈن كەڭ جاھان ئويغاندى قايتا،
قەدىمي ئىزلارنى كېلەر ئاختۇرۇپ.
يورۇتماق بولدۇ يېپەك يولىنى،
دوستلۇقنىڭ شامىنى ئۇندا ياندۇرۇپ.

غاجىشىپ ئۆتسىمۇ يىللار شاملى،
كەتكىنى يوق تېخى قۇم يۇتۇپ سېنى.
ئىزنا سەن شۇ قەدىم يولنى ئۇلاشقا،
ھەر ياندىن يوقلايدۇ شۇڭا ئەل سېنى.

ئۆچمىدى شۇڭلاشقا ئىدىقۇت نامىڭ،
ئۆچمىدى شۇ ئىزگۈ قەدىمي شانىڭ.
مەككىگە بارماقتىن بىلىپ مىڭ ئەلا،
باش قويار بىر ساڭا بۈگۈن ئوغلانىڭ.

## يالقۇنتاغ

كۆردۈم مەن ئىسمىڭغا لايىق جىسمىڭنى،
يالقۇنسەن ساماغا ئوتلار پۈركۈگەن.

كۆيدۇ قۇش ئۇچۇپ ئۆتسە قانتى،
شۇ ئۇلاشقا بۇلۇتلار سەندىن ئۇركۈگەن.

بىلمەيسەن قار، يامغۇر دىگەننى شۇ ئا،
قىشمۇياز ئاسمىنىڭ بۇلۇتتىن خالىي.
تەپتىڭدىن قۇياشمۇ ياندۇ شۇنچە،
زەرسىمان نۇرلىرى نەيزە مىسالى.

ئۆرتەنمەس قايسى جان ئاشۇ تەپتىڭدىن،
شۇركەنمەس قايسى تەن ئاشۇ ئەپتىڭدىن.
ئۆزگىچە تۈيغۇغا چۆممەن بىراق،
زوق ئېلىپ قەلبىمگە باتۇر ئەھلىڭدىن.

تاۋلىنىپ يالقۇندا سەمەندەرسىمان،
ئىستەيدۇ رىزقىنى يالقۇنۇڭ ئارا.
تىكىلمەي ساماغا قەرىدىن يەرنىڭ،
سۇغىرار مايسىنى قالدۇرماي ئالا.

بولماقتا شۇئۇلاشقا باغرىڭ بوستانلىق،
مۆجىزە تۈيۇلار بەلكى جاھانغا.
ماختىنىش يات بولغاچ ئىشچان خەلقىڭگە،
ئۇرمىدى ئۆزىنى لاپقا، داۋراڭغا.

كۈيلەيدۇ كارىزلار قازغان كىشىنى،
بىزەكلىك شاھ رەسىم سىزغان كىشىنى.
«قارا يۇز» ئۆستىڭى كۈيلەيدۇ كۈن - تۈن،
قەلبى ئوت مەردلەرنىڭ ئەجىر - ئىشىنى.

يالقۇنلۇق تەپتىگىمۇ سىڭنىڭ يالقۇنتاغ،
ھەردىلىرىنىڭ قەلبىنى قىلاركەن ئايان.
تىكىلدىم زەبەردەس قامەت ـ قەددىڭگە،
جۇش ئۇردى قەلبىمدە ئوتلۇق ھاياجان.

يارىتار تەبىئەت ئادەمنى تەھقىق،
ئۆزگەرتەر ئالەمنى ئادەم ھەرقاچان.
يالقۇننى گۈلزارلىق ئەيلىگەنلەرگە،
ئەرزىيدۇ يېزىلسا تۈمەنمىڭ داستان.

## يالقۇنتاغ قىزى

يالقۇنغا ئوخشايدۇ يالقۇنتاغ قىزى،
قىزارغان يالقۇندا يالقۇندەك يۈزى.
ئوت سالار يۈرەككە يالقۇندىن بەتتەر،
تىكىلگەن چېغدا نۇرانە كۆزى.

مەن دېدىم: يالقۇندىن تۆرەلگەنمۇ سىز،
ۋە ياكى يالقۇنغا بۆلەنگەنمۇ سىز.
كۆيدۈرۈپ ھەممىنى ئاشۇ يالقۇندەك،
ئۆتمەكنى يالقۇندىن ئۆگەنگەنمۇ سىز.

ئۇ دېدى: بىلسىڭىز بۇ تاغ يالقۇنى،
خەلقىمىز قەلبىنىڭ ئوتى ـ يالقۇنى.
بىز ئاشۇ يالقۇندا تاۋلىنىپ ئۆسكەن،
يالقۇنتاغ باغرىنىڭ كۆركى ـ ئالتۇنى.

مەن دېدىم: يالقۇندا ئالتۇن رەڭگى بار،
تاۋلىنار ئالتۇنمۇ يالقۇن ئىلكىدە.
بار لېكىن ئالتۇننىڭ نەرخى ـ باھاسى،
سىز ئۆچۈن يوق باھا ئالەم مۈلكىدە.

1995 ـ يىلى سېنتەبىر، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى

# مەن ئۈچۈن

( ئايالىم رىسالەت ناسىرغا )

بىلمەن جىلمىيىپ كۈلدۈڭ مەن ئۈچۈن،
بىلمەن سارغىيىپ سولدۇڭ مەن ئۈچۈن.
ئاشققا بىر ئۆلۈپ تىرىلمەك ھاجەت،
ئۆلمەستىن ھەممىنى كۆردۈڭ مەن ئۈچۈن.

شۇ ئىكەن ئەزەلدىن سۆيگۈ قىسمىتى،
شۇ قىسمەت سۆيگۈنىڭ كۆركى - زىنىنتى.
جاي ئېلىپ كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدىن شۇڭا،
ئۆمۈرلۈك مەبۇدە بولدۇڭ مەن ئۈچۈن.

سەجدىگاھ قېشىڭنىڭ مېھرابى ماڭا،
سىمابتەك ئېرۇر تەن باش قويسام ساڭا.
كۆچۈرۈپ جەننەتنى ئۆيۈمگە شۇڭا،
ئابىھايات جامنى سۇندۇڭ مەن ئۈچۈن.

1996 - يىلى ئۆكتەبىر

# بولدىڭىز

( دوكتور خالمۇرات غوپۇرغا بېغىشلايمەن )

كەسپىڭىزدە شان قۇچۇپ ئىلىمدە مەشھۇر بولدىڭىز،
ماختىلىپ ئەل كۆيىدە ياڭراق غەزەل - خور بولدىڭىز.

كىم ھەۋەس قىلمايدۇ سىزدەك تاپماقنى شۆھرەت ئەل ئۈچۈن،
ئاشۇ شۆھرەتكە مۇناسىپ گۆھرى - دۇر بولدىڭىز.

ئۆتتى يىللار شۇ كەبى تۈننى ئۇلاپ تاڭغا تالاي،
ھەر مىنۇتنىڭ تەكتىدىن دۇر سۈزگۈچى تور بولدىڭىز.

ئىلمۇ ھېكمەت بابىدا قازىنىپ شانلىق ئۇتۇق،
ھەممىنى تاڭ قالدۇرۇپ خەلقىمگە مەنزۇر بولدىڭىز.

نامىڭىز تىللاردا داستان، سىزگە قايىلدۇر ئەل - ئاۋام،
بۇ رىقابەت ئالەمدە تۆھپىسى زور بولدىڭىز.

يارىشاركەن تۆر دېگەن كىم تاپسا شۆھرەت ئەجرىدىن،
ئەھلى - ئالەم سەھنىسىدە تۈنجى ئۇيغۇر بولدىڭىز.

بارچە ئەل سۆيگەن ئوغۇلدىن كىممۇ ماختانماس خۇشال،
ماختىنىشقا ئەل ئارا بىزگە بۈيۈك تۆر بولدىڭىز.

قولىڭىزدا ساقىيىپ چىقتى تالاي سىرلىق كېسەل،
ئەسلىتىپ ئىبنى سىنانى شۆھرىتى پۈر بولدىڭىز.

تەڭرىتاغ پەرزەنتى سىز ھەم تەڭرىتاغدەك ۋەزنىڭىز،
قەلبىدە ئەلنىڭ شۇ تاغدەك قامىتى زور بولدىڭىز.

تەڭرىتاغ ئاسمىنى كەڭ ئۆرلەڭ يەنە پەرۋاز قىلىپ،
تەڭرىتاغ بۈركۈتىگە تەققاس تەسەۋۋۈر بولدىڭىز.

1996 - يىلى

# تەمبۇرۇم

( ھۆسەنجان جامى تىلىدىن )

سەن قەلبىم ئىزھارى، ئۆمۈرلۈك يارى،
تارلىرىڭ تۇتاشقان يۈرەك تارىمغا.
ئوينىسا بارماقلار پەدەڭ ئۈستىدە،
كەڭ جاھان تار كېلەر ھاياجىنىمغا.

سەن مېنىڭ قەلبىمدىن ياڭرىغان قوشاق،
سەزگۈلەر ئويغاتقان ھېسلار نىداسى.
شۇ ھېسلار جان بەردى جىسمىڭغا سېنىڭ،
جىسمىمغا تۇتاشتى جىسمىڭ ساداسى.

ئاۋازىڭ ئوت - ئاتەش ئۆرتىنەر جېنىم،
ئۇ مېنىڭ ئاۋازىم، سېنىڭ ئاۋازىڭ.
قاناتلار قاقتىڭسەن شۇ ئاۋاز بىلەن،
تاڭ قىلدى جاھاننى كۆكتە پەرۋازىڭ.

تەمبۇرۇم سەن مېنىڭ ئاتەش ئاۋازىم،
تەمبۇرۇم سەن مېنىڭ كۆكتە پەرۋازىم.
تەمبۇرۇم تۇتاشقان جىسمىڭغا جىسمىم،
سەن مېنىڭ غۇرۇرۇم، پەخرىم، ئۇنىۋانىم.

1996 - يىلى

# يەك نەپەس ھۇزۇرى ئارامى جاننىڭ

( غىياسىدىن باراتقا بېغىشلايمەن )

سايرىتىپ جۇپ تارنى ياڭراتتىڭ ناخشا،
يېقىملىق ئاۋازىڭ ئۇچتى پەلەككە.
نە پەلەك، قۇچتى ئۇ كۆڭلۈم كۆكىنى،
يېقىملىق ھەر سادا تەگدى يۈرەككە.

بىھوشلۇق ئىلكىدە ئۇنتۇپ ئۆزۈمنى،
ۋۇجۇدۇم ئېرىدى خۇددى سىمابتەك.
كۆيلىرىڭ ئەۋجىگە چىرمىشىپ كەتتىم،
بۇلاقتا ئۈيىنىغان شولا ئاپتاپتەك.

تىڭشايمەن گاھ خۇشال، گاھى ھوشۇم يوق،
ۋە لېكىن دېمەسمەن ھەرگىز خوشۇم يوق.
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەن پەرۋانە كەبى،
ھەر يېڭى ساداغا جېنىم تەسەددۇق.

مەيلى بول پەگاھتا، مەيلى بول تۆردە،
يۈرىكىم تۆرىدە ئورنۇڭ ھەرقاچان.
يەك نەپەس ھۇزۇرى ئارامى جاننىڭ،
كۆرمىسۇن قولۇڭ دەرد، ياشا، بول ئامان.

1996 ـ يىلى

# ئۇسسۇلچى قىز ناخشىسى

(تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجانغا بېغىشلايمەن )

سەھنە مېنىڭ جەۋلانگاھىم، پەخرىم، شادلىقىم،
سەھنە بىلەن تاپتى كامال كۆركەم ياشلىقىم.

قارلىغاچتەك پەرۋازىمدا باھار ئەكسى بار،
ئاق قۇ سۈپەت رەپتارىمدا تاغلار بەستى بار.

چال سازەندەم شوخ سازىڭنى ياڭراق پەدىگە،
ئېيت ناخشاڭنى جاراڭلىتىپ چىقسۇن ئەۋجىگە.

ساڭا تەڭكەش ئويناي ئۇسسۇل دىللار يايرىسۇن،
تاغدا كاككۇك، باغدا بۇلبۇل خۇشال سايرىسۇن.

پەرۋازىمغا سامان يولى بولسۇن پاياندار،
كۆك قىزلىرى باقسۇن خۇشال ئەيلىشىپ خۇش ناز.

تەبەسسۇمۇم بەرسۇن جىلۋە سۇبھى ھۆسنىگە،
شادلىقىمنى گۈل قىلىپ چاچاي ئالەم كۆكسىگە.

1996 - يىلى

# لوپنۇر تەسراتلىرى

## زىلۋا بويلۇق كۆمۈشەك

( لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ «كۆن كۆرمىگەن كۆمۈشەك»① دېگەن قەدىمىي خەلق ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ھازىرقى زامان «كۆمۈشەك»لىرى توغرىسىدا بۇ قوشاقنى توقۇدۇم.)

زىلۋا بويلۇق كۆمۈشەك
مەجنۇنتالغا ئوخشايدۇ.
كۆزى چولپان يۇلتۇزدەك،
ئاي جامالغا ئوخشايدۇ.
شوخ ئېقىندەك ئاۋازى،
سۆزى بالغا ئوخشايدۇ.

تال ـ تال چېچى قۇندۇزدەك،
يايسا تۈنگە ئوخشايدۇ.
ئاشۇ تۈننى يورۇتقان،
چېھرى كۈنگە ئوخشايدۇ.
ئاشىق بولۇپ كۆرسە كىم،
بىر مەجنۇنغا ئوخشايدۇ.

دەيدۇ تارىم قىزىمەن،
بىر ئالتۇنغا ئوخشايدۇ.

---

① كۆمۈشەك ـــ قىز ئىسمى. «كۆن كۆرمىگەن» سۆزى ئۇنىڭ پاكلىقىنى ئوبرازلاشتۇ ـ رۇشقا قارىتىلغان.

پاختىكار دەپ نامى بار،
ئاق ئالتۇنغا ئوخشايدۇ.
كۆيدۈرۈشى بۆلەكچە،
ئوت ـ يالقۇنغا ئوخشايدۇ.

كۈمۈشەكنى كۆردۈم مەن،
ساپ كۈمۈشكە ئوخشايدۇ.
تەكلىماكان ھۆرى ئۇ،
سېھرىي چۈشكە ئوخشايدۇ.
دەيمەن ئۇنىڭ يۇلتۇزى،
قاي تەڭتۇشقا ئوخشايدۇ.

## لوپنۇر كۆلى

لوپنۇر كۆلى چۆكتۇڭمۇ
تەبىئەتنىڭ سېھرىگە؟
ئەگىم ـ ئەگىم يوللىرىڭ
ئوخشار ئانام چېھرىگە.
تەلپۈندۇ يۈرىكىم،
قانماق بولۇپ مېھرىڭگە.

تۇتاشتۇرۇپ كېلىسەن
ئەسىرلەرنى ئەسىرگە.
ھەغدا بولۇپ نۇرانە،
تالاي قەلئە، قەسىرگە.
ئۆلاپ ئەجداد شانىنى،
نەسىللەردىن نەسلگە.

قانچە ـ قانچە بوستانلىق،
سەندىن نۇرغا چۆمۈلدى.
قانچە ـ قانچە كىرۇران،
ۋۇجۇدۇڭغا كۆمۈلدى.
يوقاتمىدىڭ جىسمىڭنى،
نامىڭ ئەلگە تونۇلدى.

سەن تارىمنىڭ ئانىسى،
مېھرى ئەلگە چېچىلغان.
ئەلنىڭ مېھرى مېھرىڭگە،
دولقۇن بولۇپ قېتىلغان.
ياشا، ياشنا ئۇلغىيىپ،
بولسۇن چۆللەر گۈلىستان.

## توغراق

توغراق ئۆسەر كۆكلەپ مىڭ يىل، قۇرۇماي،
قۇرۇسىمۇ تۇرار مىڭ يىل چىرىماي.
ـــ لوپنۇر خەلق نەزمىسى

كېلىسەن كۆكەرتىپ تەكلىماكاننى،
ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا سەپ تۈزۈپ مەزمۇت.
شاخلىرىڭ باراقسان، ياپراقلىرىڭ زىچ،
كۆك سۆيەر بەستىڭدە چەكسىز كۈچ مەۋجۇت.

ئۆتسىمۇ بۇلۇتلار تاشلىماي تامچە،
قىلمايسەن ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ئىبرەن.
كېلىسەن سۇ ئىچىپ يەتتە قات يەردىن،
يىلتىزىڭ بويۇڭغا باراۋەر تىرەن.

كېلسەن قۇم ـ بوران ئىچدە ئۆسۈپ،
ئېلىشىپ، چېلىشىپ قۇم ـ بوران بىلەن.
ئوخشايسەن قەھرلىك ئوغلانغا گويا،
بىلمەيمەن، تۇغدىمۇ سېنى كىروران.

شۇ ئاچچىق تولغاقتىن تۆرەلگەنسىمان،
شاخ ـ شېخىڭ كىرىشكەن تۈرۈلگەن مۇشتتەك.
تۇرىسەن يىراقتىن تاشلىنىپ كۆزگە،
ھۇجۇمغا تەمشەلگەن قەھرلىك قۇشتەك.

كېلىدۇ رەقىبىڭ شۇ مۇدھىش بوران،
قۇم ـ چاڭدىن يەر ـ كۆككە تارتىپ دەرپەردە.
كېلىدۇ ئۆتمەككە ھەممىنى يۇتۇپ،
بىر لېۋى ئاسماندا، بىر لېۋى يەردە.

قۇم ئۇچار، قۇم توزار، قۇم ياغار كۆكتىن،
تىترىتىپ زېمىننى تارتسا ئۇ نەرە.
ئايلىنىپ قۇيۇنغا چۇشەر ئۇسسۇلغا،
ئەسرلىك قۇم تاغلار تۇرۇشۇپ ئۆرە.

مۇمكىنمۇ سالماقلىق ئۇنىڭغا تۇغان،
ئۇ قۇمدىن تۆرەلگەن توپان بالاسى.
بولغىنى ئېنىققۇ ئۇنىڭغا غەرق،
كىروران — رورانىنىڭ گۈلزار دالاسى.

ۋە لېكىن شۇ مۇدھىش توپان ئىچدە،
تۇرىسەن چايقىلىپ نوھ كېمىسىدەك.
دولقۇنلار كۆمەلمەس، ئۆرەلمەس سېنى،
تۇرىسەن يەر ـ كۆككە بولۇپ زور تىرەك.

بورانلار قانتى پۈكۈلەر سۇنۇپ،
قىلىچتەك شاخ ـ شىخلىق ئالدىدا زارلاپ.
ئايىغىڭ ئاستىدا بولار سىلىنچا،
قۇملارنىڭ ئىقمى تارىيىپ، ئازلاپ.

سىزىلمەس تۇرقۇڭدىن قىلچە ھارغىنلىق،
تۇرسەن كۆتۈرۈپ قەددىڭنى مەغرۇر.
ھەر نوتا، ياپرىقىڭ لىۋىدە كۈلكە،
چاقنايدۇ جىسمىڭدا بىر ھاياتىي نۇر.

ئۆتكەندە قوينۇڭنى ئارىلاپ ھەر چاغ،
شۇ مەغرۇر تۇرقۇڭغا قاراپ قالىمەن.
قۇم ـ بوران ئىچىدە ئىلىشىپ ئۆتكەن،
مىڭ يىللىق ئۆمرۈڭنى ئەسكە ئالىمەن.

يارالدىڭ يارالمىش پەيلىگە لايىق،
قىلىپ جەڭ ـ جەڭگاھنى ئۆزۈڭگە تالىق.
ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچى سەن گويا،
ئەل ئۈچۈن مەڭگۈلۈك جان پىدا، سادىق.

بولۇپتۇ يار ساڭا خىزىرنىڭ ئۆمرى،
سەن مەڭگۈ ئۆلمەس بىر خىزىر دەرەخسەن.
مۆجىزە تۇرغىنىڭ، پۈتكىنىڭ تامام،
سەن ئەلنىڭ بەختىگە مەڭگۈ كىرەكسەن.

تۇرسەن سەن يەنە ياپياشلا مانا،
ۋۇجۇدۇڭ بورانلار زەخمىدىن خالىي.

غۇلاچلاپ غولۇڭنى سۆيدۇم تىنىگگە،
مۇكاپات بىل بۇنى ئالىيدىن ئالىي.

## لوپنۇر

قەدىمىي دىيارسەن، خۇددى گۆھەرسەن،
نۇر چېچىپ ھەر يانغا تۇرسەن چاقناپ.
بىلمەككە كەڭ ئالەم ئەھلى ئەسلىنى،
كەلمەكتە قوينۇڭغا ئوكيانلار ئاتلاپ.

بوستانسەن، تۇتاشسەن چۆلگە ھىلمۇ،
بەئەينى ئۇ بىلەن بىر تام قوشنا سەن.
ۋە لېكىن رەقىبسەن ئوت بىلەن سۇدەك،
شۇ سەۋەب سەگەكسەن، ھامان پوستتا سەن.

بىر قەدەم ئىچكىرىلەپ كىرسەڭ چۆلگە گەر،
بىر قەدەم يول ئالار قۇچىقىڭغا قۇم.
قۇم بىلەن ئېلىشىپ ئۆتمەك ئەبەدىي،
سەن ئۈچۈن ئەجدادتىن قالغان بىر ئۇدۇم.

قەدىمىي ناخشىلار ياڭرار ھىلمۇ،
بىلىقچى كۆيىدە ئۆزگىچە ئاھاڭ.
ھەر قوشاق ـ ناخشاڭدا ئالەمچە مەزمۇن،
ئاتقۇزار كۆي كۆيلەپ قىز ـ يىگىتلەر تاڭ.

مەشرەپلەر سورۇنى ئەلنىڭ غۇرۇرى،
داستانلار كىرىشكەن ناخشا ـ ئۇسسۇلغا.

رىۋايەت قىلىدۇ قەدىم ـ قەدىمدىن،
مەردلىكنى ئۆگىتىپ قىز ۋە ئوغۇلغا.

دەيدىكەن بەزىلەر: قايتىلار تارىخ،
ناتايىن ئىشەنمەس ئۇنىڭغا لوپنۇر.
كېرەكتۇر پەقەتلا ئۇنى يېڭىلاش،
يېڭىچە بەتلەرگە پۈتۈپ يېڭى قۇر.

ئىجتىھات، ئىجادتىن تىكلەپ ئابىدە،
ياشايدۇ لوپنۇرلۇق ئىشلەپ تىنىمسىز.
چۆللەرگە يېتەكلەپ لوپنۇر كۆلنى،
قالدۇرۇپ بارماقتا ھەر قەدەمدە ئىز.

باراقسان ئۆسمەكتە توغراق، يۇلغۇنلار،
بورانلار يولنى توسۇپ ساقچىدەك.
گۈللىنىپ ئېتىزلار، قىرلار بۆلەكچە،
كىرمەكتە يېپيېڭى تۈسكە باغچىدەك.

ئۆسمەكتە بىنالار زامانغا لايىق،
يېڭىچە ئۆزگىرىش ياساپ ھەر سەپتە.
ئىختىرا، ئىجادتىن تاپماقتا شۆھرەت،
ئوقۇشۇپ قىز ـ ئوغۇل ئالىي مەكتەپتە.

ئاتايمەن شۇ ھالدا سېنى قانداقچە،
چۆللەرگە تۇتاشقان خىلۋەت دىيار دەپ.
سەن چۆللەر قەھرىدىن قوغداشقا ئەلنى،
مەڭگۈ جەڭ قىلغۇچى ئەڭ ئالدىنقى سەپ.

شۇ ئوتلۇق تۇيغۇدا سۆيدۇم مەن سېنى،
سۆيدۇم ھەم كۆك سۆيگەن توغراقلىرىڭنى.

ھەر توغراق بەرگىدىن تۆكۈلۈپ شېئىر،
تەسەۋۋۇر كۆكىدە ياپراقتى مېنى.

## يۇلغۇن

يۇلغۇننىڭ نامىنى قويۇپتىكەن كىم،
يۇلۇنۇپ باغلاردىن چۆلدە ئۈنۈپتۇ.
قۇم – بوران تىنىمسىز ئۇرۇپ تۇرسىمۇ،
كۆنگەندەك دوزاخقا ئاڭا كۆنۈپتۇ.

قۇيۇنلار ئاسمانغا قۇرۇشۇپ تۈۋرۈك،
يۇلسىمۇ يۇلۇنماي مەزمۇت تۇرۇپتۇ.
ئۆتسىمۇ بورانلار قۇم بىلەن كۆمۈپ،
قۇم يېرىپ بىخلىنىپ نوتا سۇرۇپتۇ.

كۆمۈلسە بىر غېرىچ، ئۆسۈپ بىر غېرىچ،
بارخانلار ئۈستىدە كۆكرەك كېرىپتۇ.
يىلتىزى بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىسىمان،
شاخلىرى بۈركۈتتەك تۈسكە كىرىپتۇ.

قاماللاپ قۇملارنى نېسىۋىسىدەك،
بۇلجۇتماي مەڭگۈگە تۇتۇپ تۇرۇپتۇ.
بولۇپتۇ ھەر تۈپى ئاستىدا قۇم تاغ،
ئۇ تاغلار ئۈستىگە تەخت قۇرۇپتۇ.

تۇراركەن چېچەكلەپ چېچىپ خۇش پۇراق،
ئۈنىڭدىن چۆلگە باغ تۈسى كىرىپتۇ.
قايىلمەن يۇلغۇننىڭ جاسارىتىگە،
تەبىئەت ئاڭا كۈچ، نۇسرەت بېرىپتۇ...

# ئۆردەك قەبرىسى ئالدىدا[1]

ياتسەن ئالەمدىن بەك كۆپ يىراقتا،
بۇ خىلۋەت تۇپراقنى چىتىپ ئالەمگە.
تونۇلدۇڭ ئالىملار ئاغزىدىن چىقىپ،
ئەسلىنى ئەسلىتىپ بارچە ئادەمگە.

ئېقمى چېكىنگەن لوپنۇر ساھىلى،
ئايلاندى سەن بىلەن زىيارەتگاھقا.
توغراقلار ئوقۇيدۇ قەدىمىي كۈينى،
ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ بارچە سەيياھقا.

قۇملارنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن تارىخ
تەسەۋۋۇر كۆكىدە قاقىدۇ قانات.
چاقنايدۇ قەلبلەر ئېكرانلىرىدا،
قەدىمىي كىروران — سىرلىق تىلسىمات.

ئېچىپ شۇ تىلسىمات دەرۋازىسىنى
بوسۇغا ئاتلىغان تۇنجى ئوغلان سەن.
يول ئېچىپ تالايلاپ سۆۋىن ھېدىنگە،
تالايلاپ سەپەردە بىللە بولغان سەن.

ئىز بېسىپ ئەۋلادلار ئىزىڭنى بۈگۈن،
ئەجدادلار ئىزىغا تۇتاشتۇرۇپتۇ.

---

[1] ئۆردەك — كىروران خارابىلىكىنى تۇنجى بايقىغان كىشى.

قوپۇرۇپ قەبرەڭنى، ئورنىتىپ مۇنار،
توغراقلار بويىغا تەڭلەشتۇرۇپتۇ.

قۇم كۆچەر، يىل ئۆتەر، ئۇچار شاماللار،
كۆمۈلمەس ئىزلىرىڭ ئەبەدىلئەبەد.
يېزىلدىڭ چۈنكى سەن بولۇپ سەرلەۋھە،
كىروران ھەققىدە ئېچىلغاندا بەت.

1998 - يىلى نويابىر، لوپنۇر - ئۈرۈمچى

# دارۋاز روھى

( پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇرنىڭ بوشلۇقتا 25 كۈن غەلىبىلىك تۇرغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن )

ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا تارتىلغان ئارقان
ئايلاندى كۆكتىكى جەۋلانگاھىڭغا.
ئۈستۈڭدە بولۇتلار ئۈزەر سۈركىلىپ،
تۇمانلار يامىشار ئاياغ پايىڭغا.

ھەيرەتتە تىكىلگەن نەچچە ئون مىڭ كۆز
قىلدۇ بەستىڭنى تەسلىكتە ئىلغا.
كۆرۈنۈپ گاھ غىل - پال، كۆرۈنمەي گاھى،
بارسەن زىلزىلە سېلىپ ھەر دىلغا.

كۆكتىكى بۇ تۇرقۇڭ، بۇ سىياقىڭغا،
ھەيراندۇر بۇ تاغلار شاھى بۈركۈتمۇ.
كۆرمىگەن ھېچبىر كۆز سەندەك ئوغلاننى،
قانچىلاپ دەۋرانۇ دەۋر ئۆتۈپمۇ.

سەن دەيسەن: دارۋازمەن، دارۋاز ئوغلىمەن،
دار تىكلەپ، ئارغامچا ئۈستىدە ئۆستۈم.
تارتىلسا ئارغامچا كۆك قەرىگىمۇ،
يەتمەستىن ئۇنىڭغا تىنچىماس كۆڭلۈم.

شۇ ئىشەنچ ئىلكىدە ھەربىر قەدىمىڭ
سىم تاناپ ئۈستىدە تاشلاندى ھامان.
ماڭسەن ماڭغاندەك تۈز يولدا گويا،
ۋە ياكى قىراندەك قىلىپ شوخ جەۋلان.

گاھ ئۇسسۇل ئوينىساڭ پەرۋازلار قىلىپ،
گاھ موللاق ئاتسەن كەپتەر مىسالى.
گاھ قۇرۇپ بادەشقان كۆرسىتىپ ئويۇن،
بارسەن بەھۇزۇر تەشۋىشتىن خالى.

بار لېكىن ھەر ئىشنىڭ بىر كۈشەندىسى،
بولغاندەك باھارنىڭ دوقلى خۇددى.
ئەزەلدىن بۇلۇتلار ماكانى بوشلۇق،
رەشك ئەيلەپ سېنى كۆپ تۈرتتى، نوقۇدى.

ئايىغىڭ ئاستىنى نەملىسە بىر كۈن،
بۇلۇتلار تاشلىغان تىنىمسىز تامچە.
تۇمانلار يولۇڭنى توسىدى بىر كۈن،
نۇرانە كۆزۈڭگە ھەسەت قىلغانچە.

بۈركۈتلەر قانىتى يارغان شاماللار،
بۈركۈتتەك قەددىڭگە ئىتىلدى پات - پات.
قارىيىپ ئالەمدەك رەڭدار چىرايىڭ،
ياقۇتتەك لەۋلىرىڭ يېرىلدى قات - قات.

قىلمىدىڭ ۋە لېكىن قىلچىمۇ پەرۋا،
يار بولدى ئەجدادىڭ روھى ھەر نەپەس.
سېغىنىپ شۇ روھتا تاپتىڭ كامالەت،
شۇ روھلا سەن ئۈچۈن باقىي، مۇقەددەس.

نامايان شۇ روھتا يەتتە ئاتاڭنىڭ.
ئەسرلىك پەرۋازى مۇئەللەقتىكى.
تۆرەلدىڭ شۇ پەرۋاز ۋارىسى بولۇپ،
يوق لېكىن پەرۋازنىڭ چوققىسى، چېكى.

ئايغىڭ ئاستىدا قالدى شۇڭلاشقا،
كوچرائىن سەنشادا ياراتقان پەللە.
قوشماققا يېڭىلىق «جىنس» بېتىگە،
بۈگۈنمۇ ئاشۇ روھ سەن بىلەن بىللە.

يەتمەككە نىشانغا توسقۇنلار بۆسۈپ،
ئايلاندى سەن ئۈچۈن شۇ روھ قاناتقا.
شۇ قانات ئېلىكدە يەتكۈزدۈڭ سەنمۇ،
دارۋازلىق كەسپىنى يېڭى ھاياتقا.

پەرۋازىڭ ئېلىكدە شۇركىنىپ پەستە،
يىگىرمە بەش كۈننى ئۆتكۈزدۇق تەستە.
ئامانلىق، راۋانلىق تىلەپ سەن ئۈچۈن،
يولۇڭغا تەلمۈردۇق تۇتۇپ گۈلدەستە.

ياڭرىتىپ ئاخرى زەپەر كۈيىنى،
بوشلۇقتىن زېمىنغا چۈشتۈڭ شاد كۈلۈپ.
باستى ئەل باغرىغا سېنى بەس ـ بەستە،
خۇشاللىق يېشىنى يامغۇردەك تۆكۈپ.

ۋەتەننىڭ قەھرىمان، باتۇر ئوغلى سەن،
خەلقنىڭ غۇرۇرى، پەخرى، شانى سەن.
ياراتتىڭ ئەل ئۈچۈن ئۇلۇغۋار تۆھپە،
ئالەمدە بىردىنبىر پەلەك شاھى سەن.

تىلىكىم، كۆرمىسۇن ئالتۇن بويۇك دەرد،
قوغدىغىن ھەرقاچان تاجۇ ـ تەختىڭنى.
سەن بىلەن يۈكسەكتۇر دارۋازلىق روھى،
نۇر چاچسۇن ئەنئەنە بويلاپ ئەھدىڭنى.

2002 ـ يىلى ماي

# قوش تويڭىز بولسۇن مۇبارەك

(ئوقۇتقۇچۇم شەرىپىگە)

يەتمىش قىش، يەتمىش كۈز، يەتمىش باھار، ياز،
ئۆمرىڭىز يولىغا بولدى پاياندار.
كەلدىڭىز يەتمىش يىل ئۇندا يول ئېلىپ،
گاھىدا مۇدۇرۇپ، گاھ قىلىپ پەرۋاز.

قىلمىدى قىلچە كار سىزگە ھېچقاچان،
باھارلار جۇدۇنى، ئايازلار سوغى.
قوغلىدى ھەممىنى، قوغلىدى يىراق،
ئېرپاندىن نۇرلانغان قەلبىڭىز چوغى.

ئاشۇ چوغ سىمۋولى يۈرىكىڭىزنىڭ،
ئۇ ھامان قۇياشتەك چاقناپ تۇرىدۇ.
مەڭگۈلۈك باھارنى قىلىپ پەرۋەرىش،
ئەۋلادلار قەلبىگە باشلاپ كىلىدۇ.

ئەسلەيمەن يۇلتۇزلۇق تۈن ئاسمىنىنى،
ھەر كۆرسەم خېتىڭىز تولغان دوسكىنى.
يول ئالدى ھاپاشلاپ تالاي قىز - ئوغۇل،
سىز بەرگەن بىلىمدىن تولغان سومكىنى.

بولساقمۇ بىز بۈگۈن ھەرياق - ھەرياقتا،
رىشتىمىز ئۈزۈلمەس سىزدىن ھېچقاچان.

ئالغاندا زىممىگە ئىشلارنى ھەر چاغ،
بەرگەندەك بولىمىز سىزگە ئىمتىھان.

كىرىسىز بەزىدە چۈشلەرگە پات - پات،
ئەۋلادقا مېھرىڭىز يەنىلا ئوتقاش.
تۆت پەسىل سارغايماس قارىغايسىمان،
تۇرۇپسىز قېرىماي يەنىلا ياپياش.

سىنىپتا مۇئەللىم ئۆيدە ئاتا سىز،
ھەر ئوغۇل، قىزىڭىز مىسالى ئۇنىڭ.
ھەربىرى بۇندىكى بىر يورۇق يۇلتۇز،
زوق بېرەر دىللارغا كامالى ئۇنىڭ.

قوشۇلدى شۇ ئالاشقا شانىڭىزغا شان،
نە شاندۇر، قوشۇلدى جېنىڭىزغا جان.
ياشايسىز شۇ شۆھرەت بابىدا مەڭگۈ،
ئاتىلىق بۇرچىڭىز بولۇپ كۈي - داستان.

نەۋرىلەر، چەۋرىلەر ھاياتىڭىزدۇر،
ۋە بەلكى قايرىلماس قاناتىڭىزدۇر.
قوش تويدۇر بۇگۈنكى مەرىكە شۇئا،
بۇ سىزنىڭ ئەڭ قۇتلۇق سائەتىڭىزدۇر.

تىلەيمىز بىز سىزگە مەڭگۈ خۇشاللىق،
زەبەردەس قەددىڭىز ئېگىلمىسۇن ھېچ.
پەرزەنتلەر بەختى سىز، غۇرۇر، پەخرى سىز،
قىش كۆرمەي ئۆمرىڭىز ئۆتكەي خۇش، تىنچ.

2004 - يىلى

# دوستلىرىم

قەلبى ئوييناق دوستلىرىم،
مېھرى قايناق دوستلىرىم.
چېھرىڭلاردا گۈل ئاچار،
چىن ئىشتىياق دوستلىرىم.

ھۆرمىتىڭلار دىلىمدا،
تەرىپىڭلار تىلىمدا.
ئۈزۈلمەس دىل رىشتىمىز،
شۇنچە ئىناق دوستلىرىم.

كۆكسىمىزدە قولىمىز،
سالام بەرمەك يولىمىز.
ئۆكسىمىسۇن تەبەسسۇم،
بىزدە ھەر ۋاخ دوستلىرىم.

چىن ئىناقلىق ئىلكىدە،
ياشايلى شاد كۈلكىدە.
ئېلىپ ئۈلگە ئەۋلادلار،
تاپسۇن روناق دوستلىرىم.

2005 ـ يىلى ئاۋغۇست

# ئانا ھەققدە ئككى شېئر

1

مېنى باغرڭدا ئۆستۈردۈڭ،
ھېسابسز زور ھمايەتتە.
جاھاننى ئزدسەم يوقتۇر،
ساڭا تەڭداش ئناۋەتتە.

سېنڭ ئەجرڭدە ئەر بولدۇم،
ۋۇجۇدۇم تولدى قۇدرەتكە.
ئانا دەيمەن قلسپ تەزم،
قولۇم كۆكسۈمدە ھۆرمەتتە.

باھاسزدۇر سېنڭ مېھرڭ،
نۇرانە ئاي كەبى چېھرڭ.
قۇياشتن كەم ئەمەس دەيمەن،
سېنڭ مېھرڭ ھارارەتتە.

تنچ ئۇيقۇم ئۈچۈن تۈنلەر،
شېرن ئۇيقۇڭنى يەم قلدڭ.
سۈتۈڭدەك ئاقرپ تاڭلار،
مېنى سۆيدى پاراغەتتە.

سۈتتۈگىنىڭ ھۆرمىتى ھەققى،
مىنى مەردلىككە ئۈندەيدۇ.
ۋەتەن دەپ جان تىكىش بۇرچۇم،
ساغا بولغان ساداقەتتە.

ئاتا رازى، ئانا رازى،
ۋەتەننى قىلسا كىم رازى.
قىلارمەن مەن سىنى رازى،
ئۆزۈڭ كۈتكەن كامالەتتە.

2

يۈزۈڭنى ئاھ ئانا ئاپتاپ،
ۋە يا نۇرانە ئاي دەيمەن.
جاھان گۈلزارىدا يوقتۇر،
سىنىڭدەك گۈل چىراي دەيمەن.

ئاياغىڭ ئاستىدىن ئۇچقان
توپاڭ سۈرمە ئىناۋەتتە.
كۆزۈمگە ھەر زامان سۈرتۈپ،
دىلىمغا زوق ئالاي دەيمەن.

ھىدىڭنى ھىدلىسام قانچە،
يەنە مىھرىڭگە قانمايمەن.
يىقىپ باغرىمنى باغرىڭغا،
جىنىمغا جان قاتاي دەيمەن.

ئېسىمدىن ئەللىيلىك كەتمەس،
ئاڭا ھېچ ناخشا ـ ساز يەتمەس.
ئېشىپ جان رىشتىدىن تارلار،
جاھانغا ياڭرىتاي دەيمەن.

سېنىڭ مېھرىڭ بىلەن قەلبىم،
ھامان ياز، مەڭگۈ قىش بولماس.
مېھر گۈلزارىدا ھەر چاغ،
دىلىڭنى يايرىتاي دەيمەن.

2007 ـ يىلى، ئىيۇل

# گېزىت ساتقۇچى بوۋاي

چاچ ـ ساقلى ئاقارغان قاردەك،
پۇتى ئاقسار، قەددى گويا ياي.
قوللىرىدا تەخلەنگەن گېزىت،
خېرىدارنى چىللار خۇش چىراي.

قىزىل چىراغ يانغان مىنۇتمۇ،
نەزەرىدىن بولمايدۇ ساقىت.
تورمۇزلانغان ماشىنىلارغا،
ياندىشىدۇ كۈلۈپ ھەر ۋاقىت.

— گېزىت ئېلىڭ، — دەيدۇ، — يېڭى سان،
ئۇچۇرلاردىن قالماڭ بىخەۋەر.
تاپالايسىز تالاي يېڭىلىق،
بەتلىرىگە سالسىڭىز نەزەر.

رەت قىلالماس ھېچ كىشى ئۇنىڭ،
سەمىمىيلىك تولغان سۆزىنى.
چۈنكى ئۇنىڭ تەڭلىگىنىدىن،
ئاچار ھەركىم كۆڭۈل، كۆزىنى.

ئۇ كېزىدۇ رەستىنى شۇنداق،
تاڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ ھەر مەھەل.
ياشلىقىغا قايتقاندەك بولار،
تاماملىسا ئىشىنى تۈگەل.

هالال ئىشلەپ، هالال يېگەننىڭ
شۇنداق بولار ئىكەن هۇزۇرى.
شۇ هۇزۇردىن زوق ئېلىپ ياشاش،
ئۇنىڭ بەختى، پەخرى، غۇرۇرى.

توختىتالماس شۇڭا ئىشىدىن،
قىش ۋە يازنىڭ جۇدۇن، بورىنى.
ئۇمىد بىلەن ئالغا ئىنتىلىش،
يېتەكلەيدۇ هەرقاچان ئۇنى.

شۇ ئىنتىلىش بولسىلا پەقەت،
ياشار ئىكەن هەركىم مەنىلىك.
بىراق تىلەپ ياشىغانلارنىڭ،
ئۆمرى ئۆتەر ئىكەن تەنىلىك.

2009 - يىلى 4 - ئىيۇل

# ھېيت تەنتەنىسى

ھېيت كەلدى دىلنى ياينىتىپ،
ھەر يانغا شادلىق تارىتىپ.
چۈشتى ساماغا بۇندا ئەل،
ئالەمنى ھەيران قارىتىپ.

ھېيتتۇر خۇشاللىق سىمۋولى،
شادلىق كۆڭۈلنىڭ مەرغۇلى.
شادلىققا شادلىق قوشقۇسى،
ئىللىق تەبەسسۇم ھەر يولى.

«تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،
تاپمىغىنى چۈجە ـ خوراز».
ھېيت ئەھلى ھېيتلاپ ئۆزئارا،
قىلغاي كۆڭۈلنى خۇددى ياز.

قونسا تىلىڭغا ئەسسالام،
بارچە ئاداۋەت ۋەسسالام.
يوقتۇر نىزاغا بۇندا يول،
تاپسۇن روناق شېرىن كالام.

ھەر ساھىبى ھەر خانىنىڭ،
پەرۋانىسى مېھمانىنىڭ.
جەۋلاندۇر ھەر كۈلكىسى،
قىزغىن كۆڭۈل ئىزھارىنىڭ.

شۇ زور ئىجىللىق مېھرىدىن،
چاقنايدۇ نۇر ئەل چېھرىدىن.
يايرايدۇ دىللار زوق بىلەن،
ھېيتنىڭ مۇبارەك سېھرىدىن.

ھېيتنىڭ شۇ زور ئەنئەنىسى،
ئەلنىڭ بۈيۈك تەنتەنىسى.
كۈلسۇن ئىناقلىق ئىلكىدە،
بۇندا زېمىننىڭ ھەممىسى.



# نورۇز چاچقۇسى

مۇز ياغاتتى مۇدهش قىشنىڭ ئەپتىدىن،
ئىرىپ كەتتى بۈگۈن نورۇز تەپتىدىن.
تا ئەزەلدىن تەبىئەتنىڭ ھۆكمى شۇ،
ئالمىشىدۇ كۈن - تۈنمۇ شۇ ۋەجىدىن.

شۇڭا نورۇز: پۇرسەتنى چىڭ تۇت، دەيدۇ،
پۇرسەت مۇھىم ھەر مىنۇتنى ئۇت، دەيدۇ.
تىكلەپ يەرگە ساپىنىڭنى ۋاقتىدا،
ئاچچىق تەرنىڭ شارابىنى يۇت، دەيدۇ.

مەقسەت ئەمەس گۈل قىسپلا ئۆتمەكلىك،
گۈل ئۆستۈرمەك كېرەك بارچە يۇرت، دەيدۇ.
ھەممە گۈللەر ئېچىلغاندا ھۆپپىدە،
بارچە نورۇز ئەھلى ئۈچۈن قۇت، دەيدۇ.

بىز قۇتلىغان گۈل نورۇزنىڭ سۆزى بۇ،
بارچە ئەلنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئۆزى ئۇ.
ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە ئۇلىغان،
ئاتىلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىزى بۇ.

كۈلدۈرمەككە ئاتىلارنى شاد - خۇرام،
نورۇز روھى بولسۇن بىزگە كۈچ، ئىلھام.
نورۇز بىلەن باشلاپ باھار ئىشنى،
مول ھوسۇلدىن تاپايلى يۈز - ئېھتىرام.

# ياش يىگىت

ياش يىگىت، ئەي ياش يىگىت،
قەلبى ئوت، ئاتەش يىگىت.
بەركامال قەددىڭ گويا،
شىر بىلەن تەڭداش يىگىت.

قىلدۇ قىزلار ھەۋەس،
دەپ سېنى قۇرداش يىگىت.
نۇر تامار چىرايىڭدىن،
ئالمىغا رەڭداش يىگىت.

ۋە لېكىن يوق تىزگىنىڭ،
دەيدۇ خەلق بەڭباش يىگىت.
ئىش نېمە، ئوقەت نېمە؟
بىلگىنىڭ ئويناش يىگىت.

سال يۈگەن مەيلىڭگە سەن،
ئىشنى قىل يولداش يىگىت.
دەيدۇ ئەل شۇندا سېنى،
زەپ ئېسىل قولداش يىگىت.

# دىيالوگ

بىر چېكەرمەن قىلدى «ئاق»قا ئىلتىجا:
— نېمە خىسلەت بار سېنىڭدە، ھەيرانمەن.
باغلاندىمۇ ساڭا، لېكىن ئۆچ بولدۇم،
بولدۇم يەنە ئايرىلالماي ۋەيرانمەن.

— كۆرۈنمەن پەرى بولۇپ، — دېدى «ئاق»،
لېكىن ئەلنى ئېزىقتۇرار تۇمان مەن.
كىم ئىلكىمگە كىرسە ھەرگىز چىقالماس،
قان چىقارماي جان ئالغۇچى شەيتان مەن.

# ئۆتەي دىسەك شاد ـ خۇرام

ئۆتەي دىسەك شاد ـ خۇرام،
خاپىلقنى يار قىلما.
ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا،
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى خار قىلما.

تۈزلە مەغرۇر قەددىڭنى،
سۆزلەۋەرمە دەردىڭنى.
قەدىمڭنى چوڭ تاشلا،
يوللىرىڭنى تار قىلما.

ئۆتكەن ئىشنى تەرگىمە،
ئۇنى قايتا ئەگىمە.
قىل سالاۋات ھەممىگە،
يوقنى تەرگەپ بار قىلما.

خاتا كەتسەڭ تۈزەتكىن،
باشقىنمۇ كۆزەتكىن.
ھەددىدىن كۆپ ئاھ ئۇرۇپ،
پۇشايماننى دار قىلما.

قۇياش پاتسا ئاي چىقار،
تاڭنى چولپان ئۇيغىتار.
ھايات قايتا باشلىنار،
يىقىلساڭ قوپ ئار قىلما.

ئايانما تەر تۆكۈشتىن،
قورقما تەنقىد ـ سۆكۈشتىن.
ئىشلەپ قويۇپ ئاز ـ تولا،
ئۇنى پۈۋلەپ شار قىلما.

بولسا ئەلگە كېرىكلىك،
بولىدۇ ئەل تىرىكلىك.
ياخشى ئىشنىڭ يوق چېكى،
ماختاشلارغا كار قىلما.

بەرسەڭ بەدەل ئەلنى دەپ،
قىلما ھەرگىز ھەق تەلەپ.
كېرەك ئەلدىن ئەلگە نەپ،
ھېچ كىشىنى زار قىلما.

ھايات يولى داۋانلىق،
ئۆرلەش كېرەك داۋاملىق.
ھەربىر داۋان بىر ئۆتكەل،
قانائەتنى يار قىلما.

ئۆرلە ھامان يول ئېچىپ،
داۋان ئېشىپ، سۇ كېچىپ.
ئارزۇ ـ مەقسەت يولۇڭنى،
مەڭگۈ ـ مەڭگۈ تار قىلما.

# كوچا سوٰپوٰرگوٰچى

سوٰبھەدەك ئەيلەپ خالي يولنى چاڭدىن،
ئۇيغىتار تاڭنى ھەر چاغ سوٰپوٰرگىسى.
قۇياشتەك چاقنار چېھرى پوٰتكەندە ئىش،
يوٰزگە تېپىپ ئىللىق خۇش كوٰلكىسى.

ئۆتكەندە ماشىنلار چاڭ ـ توزانسىز،
سۆيوٰنەر ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆز كەسپىگە.
تىكىلەر زوقى بىلەن يېنىپ ـ يېنىپ،
غۇبارسىز قىز ـ يىگىتنىڭ ئۇز بەستىگە.

ئۆتىدۇ ھەربىر كوٰنى ئۇنىڭ شۇنداق،
يۇلتۇزلۇق توٰنلەر ئۇنىڭ ئىسمىنىسى.
چىقرار ھاردۇقىنى تاڭ بىلەن تەڭ،
شۇ يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ خۇش كوٰلكىسى.

# مۇقام باھارى

( «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن )

مۇقام ئېيتىپ مۇقام چالماق ئەزەلدىنلا ئۇدۇم بىزگە،
ئۇنىڭسىز بەزمىگەي تويىمۇ خۇشاللىقتىن ئۇقۇم بىزگە.
بىلىپ، بىلمەي بولۇر مەستخۇش ئۇنىڭ نىداسىدىن ھەركىم،
ئاجايىپ كۆي، ئاھاڭ زوقى نېدىندۇر سېھرىي خۇم[1]بىزگە.
شۇ دەمنىڭ زوق، ھۇزۇرىدىن سۇلايمان تەختىمۇ پەستۇر،
ۋە بەلكى شۇ تەخت ئۆزرە گويا كۈندۈز گۇگۇم بىزگە.
تاپارمىز چۈنكى ھەر كۈيدىن تالاي ئەجداد دىدارىنى،
شۇ ئەجداد روھىدىن ياشناپ كامال تاپماق مۇھىم بىزگە.
مۇقام ئېيتىپ، مۇقام چېلىپ ئۇلاپ كەلدۇق ئەسىرلەرنى،
ئامانىنسا، قىدىرخانلار گويا بۇندا توتېم بىزگە.
دېيىشتى بەزىلەر قەستەن «مۇقام ۋەسۋەسىسى جىنىنىڭ،
مۇقامدىن كەلمىگەي ھەرگىز ھامان ياخشى كۆرۈم بىزگە».
دېيىشتى بەزىلەر ئەدەپ «مۇقام ئوردا ناۋاسىدۇر،
مۇقامغا ئىشتىياق باغلاش ھامان قارشى ھۇجۇم بىزگە».
ئۆتۈپ كەتتى تالاي ئىشلار، ئۆتۈپ يازۇ، تالاي قىشلار،
سۈزۈلدى ئاسمىنى ئەلنىڭ كۈلۈپ كۈن، ئاي، نۇجۇم[2] بىزگە.
چىقىپ سوغۇق سارايلاردىن مۇقام باھارىغا يەتتى،

---

① سېھرىي خۇم — سېھىرلىك كومزەك.
② نۇجۇم — يۇلتۇزلار.

جاهان مۇنبرىدە ياڭراپ، چاۋاك چالدى ئومۇم بىزگە.
يېتىبان بېشى ئاسمانغا چۆمۈلدى ئەل شەرەپ ـ شانغا،
يېڭىچە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى بۇ نۇسرەتلىك ھۆكۈم بىزگە.
قىلارمىز شاد ـ خۇرام بايرام مۇقامنىڭ بۇ باھارىغا،
مۇقام پەرۋازىدىن مەنسۇپ ھامان شۇنداق ئۈنۈم بىزگە.
تەسەددۇقتۇر مۇقامغا جان، مۇقام ئىشقى گويا گۈلخان،
مۇقام ئاچقاي مۇرۇۋۋەتتىن ئەبەدلىك يول چوقۇم بىزگە.

# مۇقام ئەجدادلىرى

ھەر مۇقام كەلدى ئېلىپ ئەجدادلىرىمىنىڭ مېھرىنى،
ھەر مۇقامدىن كۆرىمەن گۈلگۈن نۇرانە چېھرىنى.
شاھى تون ئىچرە تونۇش بۇندا رەشىدى ھەممىگە،
بىر كۈلۈپ باقماقلىقى ئاچقاي كىشىنىڭ زېھنىنى.
تۇرسىمۇ زەر تاج تاقاپ، سۆيدى بىلىك تاجىنى ئۇ،
قىلدۇرۇپ پەرۋاز ھامان يۈكسەككە ئۇچقۇر پىكرىنى.
شۇ سۆپەت جەم ئەيلىدى ساز ئەھلىنى ئوردا تامان،
چىن مۇيەسسەر قىلدى تۆرگە شۇ نەفسە، قىدرىنى،
تۆر ياراشقاي تا ئەزەلدىن ساز، غەزەل - كۈي ئەھلىگە،
سازچى سازى ئەيلىدى كەم شۇم ئىشانلار زىكرىنى.
نە ئامال شاھ بۇيرىسا، شاھ بۇيرۇقى پەرمان بەدەر،
نە ئامال يۈرگۈزسە ئۇ يا يارۇغ، يا مىكرىنى.
پەش - ئېتەكلەر ياقا بولدى شۇ بۈيۈك پەرمان بىلەن،
تاپتى شۇ پەرمان بىلەن رەشىدىمۇ ئۆز قەدرىنى.
جان بېرىپ ھەربىر مۇقامغا تىنزدى ئۇندىن قىدرى گۈل،
جىلۋىگە كىردى مۇقام جەملەپ نەفسە پىكرىنى.
ھەر مۇقام بىر ئاي گويا، ئون ئىككى ئاي ئۇندىن بىنا،
نەغمە، داستان، مەشرىپى يايدى جاھانغا سېھرىنى.
جان قاناتلاندى بۇ دەم، چىقتى خۇشاللىق ئەۋجگە،
ھەر كۆكۈل تاپتى كۆكۈل گۈلزاردىن ئۆز پەخرىنى.
ئۆتتى ئاي، يىللار، ئەسرلەر نەغمىدە شۇندىن بۇيان،
نەغمە رىشتى چاتتى دىلغا شۇ رەشىدى دەۋرىنى.

بولمىسا گەر شۇ دەۋر تۇتقاي مۇقامنى كىممۇ يار،
ئۇنتۇماس ئەۋلاد شۇڭا ئەجدادلىرىنىڭ قەدرىنى.
ئۇلدى تارىخنى ئۇ مەڭگۈ ئۆزۈلمەس كۈي بىلەن،
تاپتى بۇ كۈي ھەر مەھەل بارچە سورۇندىن ئەھلىنى.
شۇۋىقەدرى كەبى يۇرتتا كىردى ھەربىر ئۆيگە ھەم،
بولدى زەردىن مىڭ زىيادە، ئۆلچىمەك تەس نەرخىنى.
شۇڭا تەمبۇر، داپ، غىجەك ئالدى ئورۇن ئۆي تۆرىدىن،
تۇرمىدى ئايرىپ ھامان باي ھەم گاداي دەپ پەرقىنى،
بولدى سەرمەست ھەممىسى مۇڭلۇق ئاھاڭلار كەيپىدىن،
تۇنى تاڭغا ئۇلىماي كىممۇ يېشەر مۇڭ شەرھىنى.
قارىغۇغا كۆز بەرسە ئۇ، توكۇرغا مەيدان بەخش ئېتەر.
ئۇرغۇزار ئاھ شاھنىمۇ ئەيلەپ بايان ئەل دەردىنى.
كەلدى شۇنداق بۇ مۇقاملار كۆز بولۇپ، ئېغىز بولۇپ،
سۇ، ھاۋادەك ئىگىلەپ يەرنى ۋە ئاسمان قەرىنى.
مۆجىزە دەيدۇ ئۇنى ئاڭلاپ بۈگۈن ئەھلى جاھان،
مۆجىزەدۇر كەلمىكى ساقلاپ ئەسىرلەر ئەركىنى.
ئۇ توسۇن دەريا گويا چەكسىز توساقلار ئالدىدا،
كىمكى تەشنا، چەشمە ئۇ، ئىسسىسا تاڭ سەلكىنى.
ھېچ ئىجازەتسىز كىرىپ قەلبىڭنى ئەيلەر مەھلىيا،
گەر بىرەر بولساڭ ئاڭا ئاشىق كۆڭۈلنىڭ مەيلىنى.
نە سىپېھر بىرلە ئۇنى قىلغاندۇر ئەجداد ئىختىرا،
نە جاھان قىلماقتا لال ھەربىر ئاھاڭ ئۆز ئەھلىنى.
تەكتىگە يەتمەك ئۈچۈن قىلدى سەرپ ھەركىم كۈچىن،
تاپقىنى ئەجدادىدىن بولدى ئەبەدلىك پەخرىنى.
ئۆتتى شۇ ئەجداد پۈكۈپ ھەر كۈيگە بىر مەبۇدىنى،
ئۇ كۈتەر ئەۋلاد ئۈچۈن ئەجدادقا يۈز مىڭ سەجدىنى،
بولدى ھەربىر سەجدە ئەۋلاد ئەقلىگە پۇشتى - پاناھ،
تاپتى ھەربىر سەجدىدىن ئەۋلادىمىزنىڭ تەكتىنى.

تەكتى جەسۇر، تەكتى باتۇر، تەكتى شادلىق ئاشقى،
ھەر نەپەس ھۇزۇرىغا تەڭلەر سۇلايمان تەختىنى.
پۈتتى تارىخ شۇ كەچۈرمىش، ئاشۇ ئارزۇ ئىلكىدە،
بىز بۈگۈن قىلدۇق قوبۇل جان دەپ ئاشۇ ئەنئەننى.
تۇرىمىز تەييار شۇڭا كەلگەندە بايرام، ياكى ھېيت،
يەتكۈزۈشكە تاكى كۆككە بۇ بۈيۈك تەنتەننى.
مەنىسىز دەپ بىلمىز ئۆتسە مۇقامسىز كۈنىمىز،
بەرگۈسى ھەر دەم مۇقام ئۇيغۇرغىلا خاس مەننى.
شۇڭا بىزگە يار مۇقام، ھەربىر سورۇندا بار مۇقام،
مەڭگۈ ساقلار ھەم مۇقام ھەربىر مۇقامچى شەننى.
شۇڭا ئۆمرى بولدى تەڭ ئۆلمەس مۇقامغا قىدرىنىڭ،
شاھ، مەلىكە بىرلە ئۇ تۇرغاي كۆرۈپ ھەر مەرىكنى.
ئىلتىپات قىلغاي خەلق شۇ تۆرگە بار نەغمىچىنى،
باشلىغاندەك تۇردى ئاخۇن، روزى تەمبۇر، زىكرىنى.
ياڭرىغاي ھەر دەم مۇقام، تاپقاي ئەمىن ئەجداد روھى،
ھەر ئاھاڭ قىلغاي ئايان ئالەمگە بۇ كۈي شەرھىنى.



# تەگرىتاغ

تەگرى سېنى ياراتسمۇ تەگرىتاغ،
ئاتاپ كەلدۇق سېنى تەگرى نامدا.
شۇ نامىڭدىن ئالار ھەر دەم دىل ھۇزۇر،
مەي ئىچكەندەك گويا بەخت جامدا.

ماختىنىمىز، شادلىنىمىز سەن بىلەن،
ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى سەن بىز ئۈچۈن.
ھايات تاپتۇق قۇچىقىڭدا تۆرىلىپ،
سەن ھاياتلىق بۇلىقى سەن بىز ئۈچۈن.

كەم قىلمىدىڭ ھېچ نېمەتنى ھېچقاچان،
بولدى قوينۇڭ ئەلگە مەردلىك ئالقىنى.
ئۆستۈق شۇڭا ساغا ئوخشاش زەبەردەس،
بولۇپ ئۆچمەس شۇ نامىڭنىڭ قالقىنى.

تەگرى دېدۇق، سىغىندۇق بىز ساڭلا،
سالام بەردۇق ئەتە - ئاخشام باش قويۇپ.
گىلەملەرگە نەقىشلىدۇق تۆرقۇڭنى،
سىزىپ چىقتۇق قاشتېشىغا گۈل ئويۇپ.

گۈمبەزسىمان چوققىلىرىڭ ئەندىزە،
بولدى ھەتتا ئۆيلىرىمىز شەكلىگە.
سۇلىرىڭنىڭ ئويناپ ئاققان ئېقىمى،
ناخشا - ئۇسسۇل ئۆگەتتى ئەل ئەھلىگە.

مۇقاملاردىن ئاڭلىماققا كۆلكەڭنى،
يىپىشمەن ئۆنئالغۇغا شۇڭا كۆپ.
كۆلكەڭدىن كۆپ مۇڭلىرىڭغا پاتىمەن،
قىلسا سادا ساتار، قالۇن دەرد تۆكۈپ.

مۇجەسسەمدۇر ئۇنىڭ ھەربىر كۈيىدە،
سانسىزلىغان غېرىب - سەنەم نالىسى.
ئۇدۇر يۈسۈپ، ئامانىنسا، ناۋائى،
كۈيلىرىنىڭ ئۇزاق يىللىق قامۇسى.

يەتمەك ئۈچۈن ھەربىرىنىڭ تەكتىگە،
كۆرمەك كېرەك تارىخىڭنى بىر - بىرلەپ،
ئەزەلدىنلا شادلىق، قايغۇ قوشكېزەك،
ئورۇن ئالغان نەپىسىڭدىن ئىچكىرىلەپ.

چۈشسە بەزەن قۇياش نۇرى ئۈستۈڭگە،
ئۇردى بەزەن جۇدۇنلار تىغ كۆكسۈڭگە.
ۋايىسمىدىڭ، ۋايىسمىدۇق بىزلەر ھەم،
ۋەسلىڭ ھامان قىلدى ئاشىق ھۆسنۈڭگە.

ئات چاپتۇرۇپ تاشتىن - تاشقا سادىردەك،
ئۆتتۇق بەزەن نوزۇك ئوخشاش مۆكۈنۈپ.
بەزەن يىغلاپ ئېلاخۇندەك قەپەستە،
بەزەن ئۆلدۇق مايىخاندەك تىك تۇرۇپ.

ئۆكۈنمىدۇق ئۆتكەن ئىشقا زادىلا،
ئۈمىد ئاتا قىلدى ۋەسلىڭ شولىسى.
نەسرىدىندەك كۈلۈپ زۇلمەت ئۈستىدىن،
قىلدۇق ئۇنى تىغ - ئەلەمنىڭ جورىسى.

ئۇزاق تارىخ كەلدى باشلاپ بۈگۈنگە،
مۆكۈنۈشتىن، ئۆكۈنۈشتىن خالىي بىز.
قېنىپ مېھرىڭ ئاپتىپىغا ھەرقاچان،
سېنى گۈللەش ئىستىكىڭنىڭ يارى بىز.

تەڭرى دەيمىز، باش قويىمىز بىز يەنە،
بىلىپ سېنى ئەڭ مۇقەددەس سەجدىگاھ.
گۈلگە تولسۇن قۇچاقلىرىڭ تېخىمۇ،
بولسۇن قوينۇڭ ئەلگە ئىللىق سەيلىگاھ.

# نېفىت

نۇر بولۇپ چىراغنى ياندۇرغان نېفىت،
جان بېرىپ تۆمۈرنى ماڭدۇرغان نېفىت.
ۋە ئۇنى ئۇچۇرۇپ ئاسمان قەرىدە،
دېڭىزدا ئۈپچۈنى يۈزدۇرغان نېفىت.

چاتتى ئۇ ئۆمۈرلۈك ئىجاد يولىغا،
شۇ بۈيۈك خىسلىتى بىلەن ئىنسانىنى.
ئىجادىتىن ئىجادقا قول سۇندى ئىنسان،
شۇ خىسلەت قويىندىن تېپىپ ئىمكانىنى.

ئۆزگەردى يارالمىش ئالدىدا تارىخ،
يارالدى ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەممە.
يار بولدى ھەر ئىشتا چاقماق سۈرئىتى،
ئۆملەپ مېڭىشقا بېرىپ خاتىمە.

ياڭرايدۇ ماتورلار ئاۋازى بۈگۈن،
تۆگىلەر بوزلىغان قەدىمىي يولدا.
ئۇندىكى ئايلىق يول پايلىماس كۈنگە،
شوپۇرنىڭ قوللىرى بولسىلا رولدا.

ھە، ئاشۇ سۈرئەتتە ئۆتتى بىر - بىرلەپ،
پايانسىز چۆللەرمۇ ئىنسان ئىلكىگە.
قېزىلىپ يەتتە قات تەكتىمۇ ھەتتا،
ئايلاندى خەلقنىڭ بايلىق، مۈلكىگە.

ھە، بۈگۈن فونتاندەك ئېتىلىپ نېفت،
بورۋايلار ئاۋازى ياڭرىدى ھەر يان.
سۇ ئىزدەپ ھەر يانغا چاپقان كېيىكلەر،
يىراقلاپ كېتىشتى بولۇشۇپ ھەيران.

قۇيۇنلار پەلەككە قۇرغان تۇۋرۇكتەك،
كۆتۈردى قەددىنى ھەيۋەت ۋېشكىلار.
ئاقتۇردى نېفتنى گويا سۇ كەبى،
ماي، لاتقا كۆلگە چۆمۈپ ئىشچىلار.

بورانلار چېكىنىپ كەتتى ئارقىغا،
ۋېشكىلار ئالدىدا تىز پۈكتى قۇيۇن.
«شەيتاننى توڭلاتقان سوغۇق»مۇ ھەتتا،
ئەگدى شۇ ئىشچىلار ئالدىدا بويۇن.

چۈنكى ئۇ ئىشچىلار قەلبى ئوت - يالقۇن،
ۋۇجۇدى جۇش ئۇرغان تىنىمسىز دولقۇن.
ياراتتى نېفتنىڭ مېھرى ئۇلارنى،
ئۇلارغا ھەر تېمىم نېفت زەر - ئالتۇن.

ئالتۇننىڭ قىممىتى ئالتۇنغا لايىق،
نېفتنىڭ قىممىتى ئۆزگە بىر تارىخ.
يارالغان ئۇ تارىخ زامانغا لايىق،
مىللەتنىڭ غۇرۇرى - شەنگە تالىق...

# ئىپارخان

ئۇچتۇرپان باغرىدىن ئۇچقان شوخ شامال
جىگدىلەر ھىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ.
پېچىرلاپ ئۆتمۈشنىڭ كەچمىشلىرىنى
ئۇنتۇلغان ھەر دىلغا سېلىپ كېلىدۇ.

جىگدىلەر مەردلىكنىڭ يارقىن سىماسى،
پۈتۈلگەن تۆمۈردىن غولى، شاخ - شېخى.
ياپرىقى كۈمۈشتىن، گۈل - مېۋىسى زەر،
يات قولغا تەييار ھەم نەشتەر - پىچىقى.

ئىپارخان قىسسىسى يايدى جاھانغا،
جىگدىلەر نامىنى ھەر ئۆيگە قەدەر.
بىرلەشتى بۇ نامغا ئىپارخان نامى،
شامالLAR بۇ نامنى مەڭگۈ ئېپ يۈرەر.

شامالLAR، شامالLAR، ئۇچقۇر شامالLAR،
توسالماس يولۇڭنى ھەرگىز قامالLAR.
ئۇچ مەڭگۈ تارقىتىپ جىگدە ھىدىنى،
ئىپارخان روھىدىن سۆيۈنسۇن جانلار.

# پەلەكتىكى پەرىزاتلار

(«شىنجاڭ سىبىرك ئۆمىكى» دىن ئايىنۇر بىلەن مېھرىگۈل خوتەن «ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرى»ئۇستىگە تارتىلغان ئېگىزلىكى 450 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1680 مېتىر سىم ئارقاندىن غەلىبىلىك مېڭىپ ئۆتتى.)

— گېزىت خەۋىرى

ئەزەلدىن قۇشلارنىڭ پەرۋازلىرىمۇ
كەمدىن - كەم يېتەر بۇ بوشلۇققا بەلكىم.
كۆرگەندە شۇ گۈلاشقا بۇندا سىلەرنى،
سۆيۈنچ ئىلكىدە جۇش ئۇردى قەلبىم.

كىم دېگەي بۇ هالدا كۆرۈپ سىلەرنى:
— ئايااللار سىمۋولى گۈزەللىكنىڭلا.
گۈللەرنىڭ بەرگىدەك نازۇك ۋە نەپىس،
شەيداسى ھەر زامان ئەۋزەللىكنىڭلا.

شۇ گۈلاشقا ھەرقاچان ئاسراشقا موھتاج،
ئايااللار ۋۇجۇدى، قەددى - قامىتى.
كۆرمىسۇن ھەرگىز دەرد ئايااللار قەلبى،
ئايااللار ھاياتنىڭ كۆركى - راھىتى...

تارتىپ بىر رىۋايەت كۆڭلۈم مەيلىنى،
تىكىلدىم سىلەرگە ئۇنتۇپ ھەممىنى.

رىۋايەت ئېيتىدۇ: ھۆر - پەرىزاتلار،
قىزىتار پات - پاتلا كۆكتە سەيلىنى.

ناھاتكى تىكىلىپ كۆككە كۆپ ئۇزاق،
پەقەتلا سىلەرنى كۆردۈم مەن بۈگۈن.
رىۋايەت ئورنىنى ئالدى رېئاللىق،
يېشىلدى قەلبىمگە چىگىلگەن تۈگۈن.

بولسىلا شارائىت، ئازادە مۇھىت،
قالماسكەن ئاياللار ئەرلەردىن ھەرگىز.
يوشۇرۇن تالانتقا ئىگە ھەركىشى،
ئىرادە، جاسارەت ئاچقۇچتۇر سۆزسىز.

تۇتۇلۇپ شۇ ئاچقۇچ قولۇڭلاردا چىڭ،
ئاجايىپ مۆجىزە ياراتتىڭلار تەڭ.
ياغدۇرۇپ ئاياللار ئالىمگە شان،
دۇنيانى ھەۋەستە قاراتتىڭلار تەڭ.

رىۋايەت ئورنىنى ئالغان رېئاللىق
بابىدا بىردىنبىر پەرىزات سىلەر.
سىلەر بار «بۇرۇندىن بۇرۇن...» دەپ ئەمدى،
ھېكايە سۆزلەيمۇ يۇرمەس كىشىلەر.

كىشىلەر قەلبىنى سېلىپ لەرزىگە،
ياڭرايدۇ ناخشا - كۈي بولۇپ نامىڭلار.
نۇرانە يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ ھەردەم،
چاقنايدۇ مەڭگۈ بۇ شەرەپ - شانىڭلار.

ياشلار ھەر زامان رېكورت يارىتىپ،
ئالەمنى ھەۋەستە زوقمەن قارىتىپ.
ماختىنىش ئېلكدە شادلىنىپ خەلقىم،
سۆيۈنسۇن ئەبەدكە ئالقىش ياڭرىتىپ.

2002 - يىلى 4 - ماي

# ياندىشار «پاشا»غا «ياشا» دېگەن سۆز

( ئاتاقلىق ناخشىچىمىز پاشا ئىشانغا بېغىشلايمەن )

قايىلمەن ناخشىغا خۇشتارلىقىمغا،
ۋە لېكىن ناخشا بار ناخشا ئىچىدە.
ئىستەيمەن ناخشىلار ئىچىدىن ھەردەم،
سىز ئېيتقان ناخشىنى كۈندۈز - كېچىدە.

جاراڭلىق ئۈنىڭىز ئاڭلانغان ھامان،
ئايلىنار قۇلاققا بەدەن - بەدىنىم.
نە ئەجەب ھوش ئەھلى ئۈنتۈپ ئۆزىنى،
ئويغاتسا شۇ دەمدىن ئۆزگىچە سېزىم؟!

سىز گويا ساماۋات قەۋەتلىرىدە،
ئىنسانغا كۈي تۆكەر ئەزىم پەرىشتە.
ئېسمىنى بىلگەندىن بۇيان ھەمىشە،
ئورنىڭىز بوپكەلدى ھامان ئەرىشتە.

جانلىنىپ سىز بىلەن سەھنە، ئېكرانلار،
تونۇتتى ناخشىنىڭ قانداقلىقىنى.
زوقىغا زوق قوشۇپ ھەربىر قەلبنىڭ،
ئۇلغايتتى ناخشىغا ئامراقلىقىنى.

چىقسىڭىز سەھنىگە مەردانە كۈلۈپ،
گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىتىدۇ ئەل.

ياندىشار «پاشا»غا «ياشا» دېگەن سۆز،
دىللاردا ھاياجان بولۇپ گويا سەل.

ھەمىشە قولىڭىز كۆكسىڭىزدىدۇر،
تەشەككۈر ئېيتىسىز يېنىش - يېنىشلاپ.
بىر ناخشا سورىسا كەلتۈرۈپ ئۇننى،
ھۆرمەتكە مۇناسىپ بېرىسىز جاۋاب.

قالمىدى شۇ ھالدا سىز كەزمىگەن جاي،
ئەڭ ئاۋات شەھەرلەر، يېزا، يايلاق، كان.
قەيەرگە بارسىڭىز ئالقىش، تەنتەنە،
نامىڭىز شەرھىنى قىلدى نامايان.

تۈركىيە، ماراكەش، لوندۇن، ۋارشاۋا...
ھەممىدە شۇ كەبى نامىڭىز قالدى.
ئوت - ئاتەش ناخشىڭىز ھەر دىل تەكتىگە،
چىن دوستلۇق مېھرىنىڭ ئۇلىنى سالدى.

ھالقىپسىز شۇ ھالدا يېرىم ئەسىردىن،
يەنىلا ناخشىڭىز قوشار جانغا جان.
نۇرلىنىپ ئۆمرىڭىز بۇ خىسلەت بىلەن،
ئۇلۇغۋار سىياقنى قىلدى نامايان.

ئىسمىڭىز بىرلەشتى جىسمىڭىز بىلەن،
ناخشىدا ئالدىڭىز «شاھ»لىق ئورنىنى.
رازى بىز بېرىلسە سىزدەكلەر ئۈچۈن،
مۇقەددەس «شاھىنشاھ» نامى - ئوردېنى.

# پارچىلار

بولمىغاي دۇنياغا ھېچكىممۇ تويۇرۇك،
بۇ دۇنيا ئۇ دۇنيا ئۈچۈن بىر كۆۋرۈك.
بۇندىكى يوشۇرۇن بارچە گۇناھنى،
پاش قىلمىش قول، پۇتلار ئۇندا بىسۇرۇك.
بىل شۇڭا ياشاشنى بۇ دۇنيادا پاك،
نامىڭنى بۇلغىماي دېسەڭ مەڭگۈلۈك.

*　　*　　*

بۇ دۇنيا مەۋھۇمدۇر، سەنمۇ ھەم مەۋھۇم،
گەر ئۆلسەڭ تاپىدۇ سېنى كىم ئىزدەپ.
ئىستىسەڭ نام ـ نىشان قالدۇرماقنى گەر،
مىزانى پەقەتلا: «ئەلدىن ئەلگە نەپ».

*　　*　　*

ئۆلمەس ئىجاد، ئۆلمەس ئىجادكار،
ياشنىتىدۇ ئالەمنى ئىجاد.
زۆرۈرىيەت ئالىمى شۇڭا،
ئىجادكاردىن ئىستەيدۇ نىجات.

# رۇبائىيلار

«مەڭگۈ»لۈك ئاتالغۇسى ئارزۇ پەقەت،
مەڭگۈلۈك شەيئى بولماس مەڭگۈ ـ ئەبەد.
ئۆزگىرىپ بارار ھەممە، يوق تۇرغۇنلۇق،
ئالمىقىڭ لازىم ھەربىر مىنۇتتىن نەپ.

*　*　*

كەچ بولسا تاڭ ئاتار، بولار يەنە كەچ،
بۇنى ھېچ غەيرىي كۈچ تىزگىنلىيەلمەس.
ئۈمىدۋار كىشىلەر يول تاپار ئۇندىن،
كۆزقاراش، ئىرادە شۇڭا مۇقەددەس.

*　*　*

ئىچىملىك، چېكىملىك شەيتاننىڭ ئىشى،
تۈگىشەر ئۇنىڭغا بېرىلگەن كىشى.
بولسىمۇ شەيتاندىن ئۇلۇغ گەر كىشى،
ئەگىشىپ شەيتانغا ئۆزۈلەر بېشى.

*　*　*

كىشىگە زۆرۈرى بىلىم ۋە ھۈنەر،
دېيىلەر شۇڭلاشقا ھۈنەردىن ئۈنەر.
تۈگىمەس بايلىق ئۇ يوقالماس، يىتمەس،
كېمەيمەس كىشىگە بەرسەڭمۇ ئەگەر.

* * *

ھەممىدىن كېرىكى ئەخلاق ۋە ئەدەپ،
ئۇ گويا دات باسماس كەھرىۋا، سەدەپ.
سەدەپنىڭ مېھرىدىن كەچمەس غەۋۋاسلار،
دولقۇنلار ئەۋجىگە چىقسىمۇ ئەدەپ.

* * *

ياڭرىسۇن دېسەڭ گەر ناخشاڭ خور بولۇپ،
چاقنىسۇن ئىجادتا پىكرىڭ نۇر بولۇپ.
يورۇتسۇن دىللارنىڭ قات - قېتىنى ئۇ،
ئېيتىشار ئەل ئۇنى شۇندا جور بولۇپ.

* * *

ئاغزىڭغا كەلگەننى دېمە، دە، دېسە،
ئايلىنىپ ئۆزۈڭگە بولۇر دەر دېسە.
ئېچىلغان غۇنچىنىڭ ئۆزۈلمىكى خوپ،
ئاشىققا مەشۇقى گەر گۈل بەر دېسە.

كۆيگىنىمنى بايان قىلدى ئاتەشلىك ئاھىم،
كۆيگىنىمنى ئايان قىلدى زەپران چىرايىم.
سۆيگۈ پىنھان بولماس ئىكەن، بولدۇم سازايى،
ناخشام بىلەن بوسۇغاڭدا ئاھ ئۇرۇپ دائىم.

# تۆيۇقلار

1

ھاياتتا بەرمسۇن نېمە ئىشلار يۈز،
ئەل يەنە ئەل پېتى ياشار يۈزدەيۈز.
«ئەل بىلەن ئۆلۈممۇ بەجايىكى توي»،
جان پىدا ئەل ئەھلى تاپار ئابرۇي، يۈز.

2

ئەل بىلەن كۆكلەر ئەر، يامغۇر بىلەن يەر،
ھەقىقىي ئەر ھامان ئەل غېمىنى يەر.
ئۆمرىنى ئەل ئۈچۈن ئاتىغان مەردلەر،
يېسمۇ قانچە ئاز، ھامان ھالال يەر.

3

كېلىدۇ كىشىلەر تىزىلىپ رەت - رەت،
ھاياتلىق يولىدا ئۈزۈلمەس بۇ رەت.
ۋە لېكىن ساناقلىق يولنى ئاچقانلار،
گۇناھتۇر ئۇلارنى ئۇنتۇش، قىلىش رەت.

4

مەيلى سەن يەر ئېچىپ ئۇندا كۆچەت تىك،
يا ھۈنەر ئىگىلەپ كىيىم - كېچەك تىك.

پايانى يوق ھەرگىز تىرىكچىلىكنىڭ،
تاللىغان ئىشىڭغا ھامان جانىنى تىك.

5

گەر سۇغا دۇچ كەلسەڭ ئىككىلەنمە، كەچ،
يېتەرسەن ساھىلغا ئەتە ياكى كەچ.
پۇرسەتنى تۇتماقلىق ھەممىدىن ئەلا،
ئىزدىمە ئاسانىنى، ھۇرۇنلۇقتىن كەچ.

6

تەمەننا، تەمەددىن ھامان قولنى ئۈز،
ھاياتلىق بەھرىدە دولقۇن يېرىپ ئۈز.
مال باقساڭ ماي بولار قازان - قومۇچۇڭ،
باغ قىلساڭ مېۋىسى دەيدۇ: مېنى ئۈز.

7

بۇلۇتلار رەڭ تۈزەر قىزىل، ئاق ھەم سۇر،
قارايسا باسىدۇ گۈلدۈرىدىن سۇر.
يامغۇرى زېمىننىڭ ھاياتلىق كۆركى،
ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ھۇزۇرىنى سۇر.

8

گۆرجەكنى تاشلىساڭ تۇتىسەن ئارا،
يوق ئارام ھېچكىمگە تىرىكلىك ئارا.

تىرىكلىك تىنىمسىز ھەرىكەت ئىلكىدە،
ھەرىكەتسىز كىم تۇرار ھالىڭغا ئارا؟!

9

پۇتلاشماس ھەر ئىشقا ساقال بىلەن ياش،
بولسىلا ئىرادەڭ سەن مەڭگۈگە ياش.
تۇتمساڭ پۇرسەتنى بولۇپ دىلغۇل،
قورۇماس كۆزۈڭدىن پۇشايمانلىق ياش.

10

چېكىتنى ئۆزگەرتىپ پەش قىلىپ بولماس،
ياقىنى ئۆزگەرتىپ پەش قىلىپ بولماس.
ھەر ئىشتا خەلقىنىڭ كۆزى، سۆزى بار،
ئىش قىلماي ئۆزىنى پەش قىلىپ بولماس.

11

سازلىماي سازىڭنى ئالدىراپ چالما،
دېيىشەر خەق شۇئان: بەس، ئۇماچ چالما.
تىمسال بۇ ئىش بىلمەس داۋراڭخورلارغا،
شاللىنار ئۇنداقلار سانىلىپ چالما.

12

بولساڭمۇ ھەممىنىڭ كىچىكى – يېشى،
ئېشىپتۇ ئاتاڭنىڭ ئاتمىشتىن يېشى.

سەن ئۇنى قاقشتىپ يۇرىۋەرمگىن،
ئاقمسۇن كۆزىدىن بىھۇدە يېشى.

13

تاپقاندا داستىخاننى كەڭرى يېيىشتۇق،
تاپمىساق بىر ناننى بۆلۈپ يېيىشتۇق.
ئالغاندا ئىلكىگە نەپسى بالاسى،
سەتلىشىپ ھەممىنى ئەلگە يېيىشتۇق.

14

مىللەتنىڭ بەلگىسى، پەخرى ئانا تىل،
شۇ ئانا تىل بىلەن بىز چىقاردۇق تىل.
يەتمىسەك شۇ ئانا تىلنىڭ قەدرىگە،
بىر پارچە لوق گۆشتىن ئىبارەتتۇر تىل.

15

قىل ئىجاد، قويما يولۇڭنى تار قىلىپ،
كۆيلىگىن رىشتىڭنى ھەر دەم تار قىلىپ.
كۆيلىرىڭ بەرسۇن ھۇزۇر ئەل قەلبىگە،
شوخ سابادەك جاھانغا تارقىلىپ.

16

قىلمىغىن مەسلەكداش لاپچى توپىنى،
زەر قىلىپ كۆرستەر ساڭا توپىنى.

كاۋاكتۇر غادايغان قومۇشنىڭ ئىچى،
بولمىغان بۇغدايىنىڭ كۆپتۇر توپىنى.

17

بوپتۇ ئۆمرۈڭ مەنزىلىدە چۈش،
يۈرتۋەرمە كۆرۈپ شېرىن چۈش.
كىشى ئۈچۈن كېرەك كەسىپ - كار،
بەلنى باغلاپ بىرەر ئىشقا چۈش.

18

چەكلىكتۇر ئەركىڭنىڭ تىزگىن - ئارقىنى،
سەتلەشسەڭ دەيدۇ ئەل: نومۇس - ئار قېنى.
ئۇچىماقنىڭ ھەر قاچان چۈشمىكىمۇ بار،
ئويلىغىن ھەر ئىشتا ئالدى - ئارقىنى.

19

مەرگەنسەن، مەيلى سەن قانچە توغرا ئات،
ماختىنىپ چەللىدە چاپتۇرمىغىن ئات.
قىلىدۇ كىشىنى ئەزەلدىن بىزار،
«ماختانچاق» دەيدىغان بۇ ئاتاق - بۇ ئات.

20

كۆن چىقىپ، كۆن پاتسا قالماس ھېچكىم تاڭ،
ئاتىدۇ سۈزۈلۈپ يەنە كۆلۈپ تاڭ.

باشلىنار شۇ تاڭدىن ھەر كۈننىڭ ئىشى،
ھەر تاڭنىڭ مېھرىنى ۋۇجۇدۇڭغا تاڭ.

21

ياراشمىسا بويۇڭغا ھەرگىز گۈل قىسما،
قىسىپ قويۇپ بوپ قالما ئۆزۈڭ بىر قىسما.
تۇيار كۆڭۈل ھەرقاچان ھەر ئىشنى ئالدىن،
قىلىپ مەيلىڭ يوق ئىشنى بوينۇڭنى قىسما.

22

تالاشما ئەلدىن تۆر، تارتما ھەمدە ھال،
كىبىرسەل ئۇ ئاشلىققا چۈشكەن كەبى ھال.
قاچقاندەك كىبىرسەلدىن قاچسا ئەل سەندىن،
ئۆزۈڭنى پەگاھتا قويىمدۇ بۇ ھال.

23

بەرسىلا بىراۋدا بىرەر نۇقسان يۈز،
ئالدىراپ سەن ئۇندىن ئۆرۈمىگىن يۈز.
بول ھامان ياردەمدە سۇنۇپ قولۇڭنى،
ئالتۇنمۇ ساپ بولۇپ كەتمەس يۈزدەيۈز.

24

يامانغا يېلىنما، باسمىغىن ھەم يان،
تولدۇرماق بولسىمۇ قوينۇڭغا ھەميان.
ياخشىغا ئاراملىق بەرمەس يامانلار،
جۇدۇن بول ئۇنىڭغا، ئوت بولۇپ ھەم يان.

25

دەر ئىمىش «تەييارغا ھەييار»: ئاش قېنى؟
ئۆزگىگە قالمىش ئۇنىڭدىن ئاشقىنى.
دەيدۇ دانا: سىڭمىگەي تەييار تائام،
سۇ ئېلىپ كەلمەككە تاغلار ئاش، قېنى!

26

ھەر باھار ۋاقتىدا تىكلەلىسەڭ قوش،
كېلىدۇ ئامىتىڭ كۆز كەلگەندە قوش.
بۇ بولار پۇرسەتنى تۇتماققا مىسال،
ھەر ئىشقا ۋاقتىدا كىرىش، ئاۋاز قوش.

27

مەۋجۇداتنىڭ ئانىسىدۇر يەر،
شۇڭا ھەممە يەر غېمىنى يەر.
يەرگە قان ـ تەر تۆكۈپ ئۆتكەنلەر،
ئۆز رىزقىنى ھالال تېپىپ يەر.

28

چەكمەك بولساڭ ئەل غېمىنى چەك،
ياكى چالغۇ سىملىرىنى چەك.
مەيلى سارغاي تۈنلەر ئۇخلىماي،
قويما ئىجاد پايانىغا چەك.

29

بۇلغىمسۇن ئەقلىڭنى شۇ ئاق،
كۆپ ساھەلەر بىزدە تېخى ئاق.
تولدۇرۇشقا ئۇنى ئەجرىڭدىن،
ئەلنىڭ ئارزۇ دەرياسىدا ئاق.

30

نامەردلەر سۇ بەرگەن قاچىنى چاقار،
ئاھ ئۇرۇپ بىراۋنى بىراۋغا چاقار.
ئالدىڭدا تۈلكىدەك قۇيرۇق ئوينىتىپ،
ئارقاڭدىن تىغ ئۇرۇپ، يىلاندەك چاقار.

31

ئۇلۇغدۇر ئانا، ئۇلۇغدۇر ئاتا،
ئۇلار ئۆيۈڭنىڭ تۈۋرۈكى ئاتا.
پەرزەنتلىك قەرزىڭ بار ئۇلار ئالدىدا،
ئۇلارنى كۈتمەككە بارىڭنى ئاتا.

1999 — 2009 - يىللار

# مەرسىيەلەر

## ئەل سۆيگەن شائىر مەڭگۈگە هايات!

( شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋاپاتىنىڭ 29 يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن )

تارىخ بېتىگە تاشلىسام نەزەر،
كۆرىمەن سىزنى سەپنىڭ بېشىدا.
كېلىسىز ئۇزۇلمەس قوشۇننى باشلاپ،
نەزمىلەر يۇتۇپ ۋەتەن ئىشقىدا.

تاپتىڭىز ئاڭا لايىق ئىلتىپات،
ئالدىڭىز ئورۇن تۆردىن ھەرقاچان.
ياڭراق ئۈنىڭىز مۇنبەرلەر ئارا،
تونۇتتى سىزنى ۋە بىزنى ھامان.

ئايلاندى ئەلنىڭ پەخرىگە شۇڭا،
تېيىپجان، دېگەن ئىزگۈ نامىڭىز.
بىرلەشتى چۈنكى ئەل زوقى بىلەن،
ئەل ئۈچۈن قوشقان شەرەپ ـ شانىڭىز.

ئەل ئۈچۈن ھەر دەم سەپنىڭ ئالدىدا،
تۇردىڭىز مەھكەم مەردانە بولۇپ.
نامۇ ـ شۆھرەتتىن بولدىڭىز يىراق،
ئۆتمەككە ئەلگە غەمخانە بولۇپ.

«تۈگمەس ناخشا» ئىشقىدا يېنىپ،
تالاي «ئۆتكەل»نى بېسىپ ئۆتتىڭىز.
تەتۈر قۇيۇنلار تۇرسىمۇ نوقۇپ،
كۆزلەپ «پەللى»نى چېكىنمىدىڭىز.

ياڭراق ناخشىڭىز ئەۋجىدىن چۆچۈپ،
جان بەردى تالاي «ۋالاقتەككۇرۇپ».
سۆكۈپ شىددەتتە «ئاساسەن»نى ھەم،
لاپچىلار توپىغا ياغدۇردىڭىز توپ.

قوغداشقا ھەر دەم «ئەل گۈلشىنى»نى،
قىلدىڭىز ھامان قوزغۇن بىلەن جەڭ.
چۈشسىمۇ تالاي بېشىڭىزغا كۈن،
دېمىدىڭىز ھېچ، ئاھ ئۇرۇپ... ئەتتەڭ.

«شېئىر مەشرىپى» بەردى سىزگە زوق،
«سەنئەت باھارى» كېلىش بىلەن تەڭ.
شائىر قانداقمۇ تۇرالسۇن جىم،
قەلبىدە ئىلھام ئۇرۇپ تۇرسا لەڭ.

«زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار»نى،
زەپمۇ چىرايلىق كۈيگە قاتتىڭىز.
«مۇقام» ئەۋجىگە ئەۋجىلەر قېتىپ،
ئەشئارىڭىزدىن گۈللەر تاقتىڭىز.

ھەربىر ناخشىڭىز تەكتىدە ھامان،
شانلىق نامىڭىز چاقناپ تۇردى.
ياڭراق ئۈنىڭىز ئەسىرلەر ھالقىپ،
مەڭگۈ تىنىمسىز ياڭراپ تۇردى.

شائىرغىلا خاس ئۆزگىچە ھايات،
سىز ئۇچۇن بولغان ئۇپېرىماس قانات.
ئۇندا مۇجەسسەم ئەلنىڭ سۆيگۈسى،
ئەل سۆيگەن شائىر مەڭگۈگە ھايات.

2009 - يىلى فېۋرال

## سىز خەلققە تەئەللۇق ئىنسان

( مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئاتاقلىق چەت ئەل تىلى دىكتورى، «ئانا ئەدىب»، تۈرك تىل ئەدەبىي تەرجىمانى تۇرسۇنئاي ساقىمغا مەرسىيە )

چېھرىڭىزدىن كەتمەيتتى كۈلكە،
ئوخشايتتىڭىز مىسالى گۈلگە.
سورۇنلاردا قوزغايتتى ھەۋەس،
بولۇپ تەمكىن تۇرقىڭىز ئۈلگە.

كەلسىڭىزمۇ شۇڭا ماختىلىپ،
ماختىنىشتىن يىراق ئىدىڭىز.
ماختاشلارنى يۇمۇرلۇق كۈلۈپ،
رەت قىلىشقا ئامراق ئىدىڭىز.

رەت قىلالماس لېكىن ھېچ كىشى،
سىز ياراتقان تۆھپە، زەپەرنى.
شەرەپ بىلەن تۈگەللىدىڭىز،
ھاياتلىقتا باسار سەپەرنى.

دولقۇنىدا رادىيولارنىڭ،
«بۇلبۇل» دېگەن نامىڭىز قالدى.

«ئانا ئەدىب» سەھپىسىدە،
«دۇلدۇل» دېگەن نامىڭىز قالدى.

«مەمەت ئاۋاق»، «چالى قۇشى»غا،
جان بەردىڭىز ئۇيغۇر تىلىدا.
«ئۆكسۈش» ھەمدە «جۇۋىلىق خانىم»،
ئالدى ئورۇن ئۇيغۇر دىلىدا.

كۆپتى يەنە قىلار ئىشىڭىز،
مۇدھىش ئەجەل بەرمىدى ئىمكان.
تەن بەرگۈمىز كەلمەي تەقدىرگە،
بىز ئۇزاتتۇق سىزنى يىغلاپ قان.

نېمە ئامال ئىنسان ئۆمرىنى،
ئەجەل ئاخىر تۆگەللەيدىكەن.
ئۆلگەنلەرنىڭ ئورنىنى تەھقىق،
بالا ـ چاقا ئىگەللەيدىكەن.

تىلەپ ئىنساپ بالا ـ چاقىغا،
شۇڭا كۆپلەر يۇمار كۆز ھامان.
ئۇنۇتمايدۇ لېكىن سىزنى ئەل،
سىز خەلققە تەئەللۇق ئىنسان.

2006 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست

## دېمەسمىز بىز ساڭا ھەرگىز ئەلۋىدا

ھۆرمەتلىك ئاغىنەم خارىس ئاشۇروف،
ئۇزاتتۇق بىز بۈگۈن سېنى ئاھ ئۇرۇپ.

شۇ ئىكەن ئەزەلدىن ئىنسان قىسمىتى،
كىم ئۇنى ئۆزگەرتكەن يىغلاپ ـ قايغۇرۇپ؟!

سەن كەتتىڭ، بىز قالدۇق خەيرلىك تىلەپ،
تەۋەررۇك نامىڭغا تەھسىنلەر ئوقۇپ.
قەددىڭنى پۈكمەستىن ئۆتكەن ئەر ئىدىڭ،
شۇم، تەتۈر قۇيۇنلار ئۆتسىمۇ نوقۇپ.

بېغىشلاپ ئۆمرۈڭنى ۋەتەنگە، ئەلگە،
ئىلھاملار مەۋجىدە ئۆتتۈڭ جۇش ئۇرۇپ.
كۆيۈكتىن جان بەردىڭ تالاي سەھنىگە،
تالايلاپ ئەسەرنى قاناتلاندۇرۇپ.

رادىيو، تېلېۋىزور، مەكتەپ، باغچىلار،
ھەر يېڭى كۆيۈكتىن تۇراتتى يورۇپ.
سەبىيلەر سۆيۈنۈپ ئىلتىپاتىڭدىن،
سۆيەتتى مەڭزىڭدىن ھەر دەم روھلىنىپ.

«ۋەتەندە باھار»نىڭ ئۆزگىچە پەيزى،
تارالدى ھەر يانغا جۇشقۇن خور بولۇپ.
«گۈلباغ» ۋە شۇ ئېسىل «باغنىڭ ھاۋاسى»،
تۇرىدۇ ھېلىمۇ سەيلىگە جورۇپ.

ھەر ناخشاڭ ئەلكىدە چېھرىڭ سىيماسى،
تارايسەن ھەر ناخشاڭ بىلەن نۇر بولۇپ.
دېمەسمىز بىز ساڭا ھەرگىز ئەلۋىدا،
ھەر ناخشاڭ ئەۋجىدە تۇرسەن يورۇپ.

2007 ـ يىلى 23 ـ فېۋرال

# ياشايسەن مەڭگۈگە پىر - ئۇستاز بولۇپ

( ئۇستاز راۋابچى داۋۇت ئاۋۇتقا مەرسىيە )

ئېنىقكى، قەدىمى چالغۇدۇر راۋاب،
تونۇشتۇر ھەممىگە ئۇنىڭ شۇ نامى.
ھەر ئۆيىنىڭ تۆرىدىن ئالغان ئۇ ئورۇن،
بولغاچ ئۇ ھەركىمنىڭ كۆڭۈل ئارامى.

ۋە لېكىن راۋابنىڭ قانداقلىقىنى،
ھېچ كىشى سېنىڭدەك تونۇتالمىغان.
تارلىرى ئۇستىدە ئوينىتىپ بارماق،
دىللاردا سەنچە زوق قوزغىتالمىغان.

شۇ قەدەر ئىجتىھات، كامالەت بىلەن،
تونۇتتۇڭ دۇنياغا راۋابنى تولۇق.
قەددىمىز تاغ بولۇپ بۇ جاھان ئارا،
سۆيۈندۇق نامىڭدىن ئەيلەپ تەسەددۇق.

سەن كەبى ئوغلانلار ئەلنىڭ پەخرىدۇر،
سۆيۈنەر نامىڭدىن خەلقىم تا ئەبەت.
مىڭ ئەپسۇس، چەكلىككەن كىشىنىڭ ئۆمرى،
ئېپ كەتتى بىمەزگىل سېنى مالامەت.

ئۆتەركەن بۇ جاھان جۆنەپ شۇ كەبى،
قالغانلار كەتكەننىڭ گېپىنى قىلىپ.

ئېنقكى، ئورنۇڭنى باسار ئەۋلادلار،
سەن كەبى بولماقنڭ ئېپنى قلپ.

ۋە لېكن كشلك ئالمى ئارا،
سەن كەبى تالانتلار كەلمەيدۇ ئاسان.
ئۆتەرمز هەرقاچان ئارمننڭنى يەپ،
ئۆتكەن دەپ شۇنداق بر باهادر ئوغلان.

ئەلۋدا دېيشكە كەلمەس تلمز،
ياشايسەن بز بلەن دللار قېتدا.
ياشايسەن مەڭگۈگە پر - ئۇستاز بولۇپ،
ئۆزۈلمەس ئەۋلادلار ئېتقاتدا.

2007 - يلى 29 - نويابر



# مەسەل ۋە ساتىرالار

## تۇپراق ۋە سۇ

چاك ـ چاك بولۇپ يېرىلدى تۇپراق،
تاشلىمىدى بۇلۇتمۇ تامچە.
قارلىق تاغقا كۆز تىكىپ ئۇزاق،
ئۆكۈندى يەر ئاھ ئۇرۇپ قانچە.

سولدى مايسا، سولدى گۈل ـ چېچەك،
ئۆرتىنىپ شۇ تۇپراق ئاھىدىن.
ئۆچتى بۇلبۇل ـ قۇشلار ناۋاسى،
تۇتۇپ ماكان غەمنىڭ چاھىدىن.

بىر ئەسىردەك تۇيۇلدى گويا،
بۇندا تەستە ئالغان ھەر تىنىق.
بىر تىنىقتىن قالسا مۇبادا،
ھاياتلىقنىڭ ئۆچمىكى ئېنىق.

شۇندا بىردىن تۇتۇلۇپ ھاۋا،
ياغدى يامغۇر بولۇپ گويا سەل،
قېنىپ تۇپراق تەشنالىقىغا،
تاپتى قايتا ھاياتلىقنى تەل.

گۈل ـ چېچەكلەر كىردى جىلۋىگە،
كۈلدى زېمىن قۇشلار كۈيىدىن.

تاپتى ھەممە شادلىق، ئاسايىش،
ھاياتلىقنىڭ بۇ چوڭ تويىدىن.

لېكىن چىقىپ يەر قىنىدىن سۇ،
ماختىنىشتىن قىلدى بىئارام.
دېدى: مېنىڭ كارامىتىم بۇ،
ماڭا تالىق بۇ نۇسرەت تامام.

بۇلبۇللارنىڭ ئۆچتى ئاۋازى،
ئۆچتى گۈللەر جىلۋىسى، نازى.
توختاپ قالدى سۈزۈك سامادا،
تورغايلارنىڭ نەغمە، پەرۋازى.

خورسىنىپ يەر ئۆن قاتتى شۇندا:
ھەممە بىلەر ئەجرىڭنى بۇندا.
بىلگىن سەنمۇ، ئەجرىڭ گۈل ئاچار،
پەقەت ساڭا تەشنا قوينۇمدا.

سەن بولمىساڭ يوق ماڭا ھايات،
مەن بولمىسام يوق ساڭا قانات.
بىزنى شۇنداق قىلىپ ئاشنا ـ يار،
يارىتىپتۇ سىرلىق كائىنات.

باغرىمىزدا كۈلسە ھاياتلىق،
ئىجىللىقنىڭ مېۋىسى دەپ بىل.
تېۋىن بىزدىن ئۇلۇغلارغىمۇ،
ماختىنىشتىن مەڭگۈ ھەزەر قىل.

بۇ سۆز بىلەن يىغىپ ئېسىنى،
بولۇپتۇ سۇ تولىمۇ خىجىل.
باغاشلاپتۇ تۇپراقنى قايتا،
ئۆتمەك ئۈچۈن مەڭگۈگە ئىجىل.

# قاباھەتلىك چۈش

قاچاندىدۇر ئىشلەپ - ھېرىپ بىر ئىنسان،
كېتىپتۇدەك چەكسىز چوڭقۇر ئۇيقۇغا.
ئېلىپ ھۇزۇر ئۇيقۇدىن بار ئەزاسى،
چۆمۈلۈپتۇدەك غەيرىيلا بىر تۇيغۇغا.

ئۈن قېتىپتۇ بىر - بىرىگە شۇ بىلەن،
ئۆز - ئۆزىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ:
— ھەممىڭلارغا سەركەردىمەن، — دەپتۇ پۇت،
ھە، دېگەندە ھەممىسىنى چۆكۈرۈپ، —

گەر قىلمىسام ماڭماقلىقنى ئىختىيار،
يوق سىلەرگە بۇ جاھاننى كەزمەكلىك.
نېمە پەرقى ئۇندا ئالەم، زىنداننىڭ،
جىسمىڭلارغا قىسمەت جاندىن بەزمەكلىك.

— كۆرسەتمىسەم ماڭار يولنى، — دەپتۇ كۆز، —
تەگسىز ھاڭلار يۇتار سىزنى يۈزدەيۈز.
شۇڭا رەھمەت ئېيتقىن پەقەت ماڭىلا،
سەركەردىلىك تالاشماقتىن ئۈمىد ئۈز.

— كۆز دېگەنچۇ، — دەپتۇ قۇلاق، — بولاقتۇر،
ئاڭا سەزگۈ ئاتا قىلغان قۇلاقتۇر.
كەلدىم سىزنى شۇ سەزگۈدە يېتەكلەپ،
بار شەرەپنى ماڭا ئاتاپ يىراق تۇر.

— يەپ تۇرمىسام، — دەپتۇ ئېغىز گەپ ئېلىپ، —
ياشايتتىڭلار نېمىدىنمۇ نەپ ئېلىپ.

باش قويۇڭلار شۇڭا ماڭا ھەممىڭلار،
ئۆمرۈڭلارنىڭ كاپالىتى دەپ بىلىپ.

— كاپالەتتە، — دەپتۇ بۇرۇن، — كېپىل مەن،
ھالال - ھارام سىزنىڭدا سېپىل مەن.
ئايرىلامسەن مەنسىز مايىنى سىركىدىن،
ئۇنى ساڭا بىلدۈرگۈچى ئەقىل مەن.

قول دەپتۇكى: ھەممىڭلارغا ئىجىل مەن،
خىزمەت قىلدىم سىلاپ - سىيپاپ سىجىل مەن.
تازىلىمسام ئۈستۈڭلارغا قونسا كىر،
بولۇپ كەلدىم تا ئەزەلدىن خىجىل مەن.

جىسمىڭلارغا كۈچ بەرمەككە غەيرەتتە،
بولۇپ كەلدىم يەنە دائىم ھەرىكەتتە.
يوقنى تېپىپ، خامنى ئوبدان پىشۇرۇپ،
ئايلاندۇردۇم سىلەر ئۈچۈن لەززەتكە.

گەر بولمىسام كىم ئوينايدۇ بۇ رولنى،
تاپامسىلەر ياكى باشقا بىر يولنى؟
ياق، باسالماس ھېچلا نەرسە ئورنۇمنى،
سۆيۈنۈڭلار، سۆيۈڭلار بۇ جۈپ قولنى.

— بىلەمسىلەر مېنى، — دەپتۇ شۇندا باش، —
ئەقىل، ئىدراك ماكانىمەن بىر تۇتاش.
ئىلكىمدىدۇر ھەممىڭلارنىڭ تىزگىنى،
مەن سىلەرگە ھەم قوماندان ھەم قاياش.

قىلىسىلەر قىلغىن دېسەم نېمىنى،
ھەم يەيسىلەر يېگىن دېسەم نېمىنى.

شۇڭا ئارتۇق ماختانماستىن ئالدىمدا،
توختىتتىڭلار مەنمەنلىكنىڭ جىڭنى.

شۇندا بىردەم جىم بوپتۇيۇ ھەممىسى،
باشلىنىپتۇ يەنە تاپا - تەنىسى.
— كېلىشەيلى، — دەپتۇ ئاخىر، — ئەمەلدە،
ئىسپاتلانسۇن سۆزىمىزنىڭ مەنىسى.

كۆرسەتمەككە بىر - بىرىگە ئۆزىنى،
كەلسە خەتەر يۇمماق بوپتۇ «كۆز»نى.
شالىنارمىش ياردەم تىلەپ قاقشىغان،
تالىنارمىش شاللىغىنى ئۆزگىنى.

كۆن قىيلىپ يەرنى گۇگۇم بېسىپتۇ،
تاڭمۇ ئېتىپ ھاۋا - جاھان ئىسسىپتۇ.
تەشنالىق ھەم ئوزۇقلۇققا ئېھتىياج،
ئاستا - ئاستا دەملىرىنى قىسىپتۇ.

ئۇندەشمەپتۇ قىلغاچ داۋام بەسلىشىش،
نە بەسلىشىش، بوپتۇ ئوچۇق قەستلىشىش.
ئولشىپتۇ شۇندا بىر توپ چۈمۈلە،
مەقستىدە ئۇنى شېرىن يەم قىلىش.

سېلىپتۇ كۆز كۆرۈپ ئۇنى كۆرمەسكە،
چەك قويماپتۇ قولمۇ ئۇنى يۈرمەسكە.
ئېپ قاچماپتۇ پۇتمۇ ئۇنىڭ خەۋپىدىن،
باشقىسمۇ ساپتۇ ئۆزىن سەزمەسكە.

بولۇپ بەدەن چۈمۈلىگە زىياپەت،
ئېغىز ساپتۇ ھەر ئەزاغا جاراھەت.

باشلىنىپتۇ ئاندىن ئېغىز، بۇرۇن، كۆز،
قۇلاقلارغا كىرىپ چىقار زىيارەت...

شۇندا ئىنسان ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ،
ئاھ ئۇرۇپتۇ ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ.
— شەپىسى بۇ، — دەپتۇ، — نېمە شۇملۇقنىڭ،
نېچۈن چۈشۈم قالدى شۇنداق بۇلغىنىپ.

دەپتۇ قاراپ ھەر ئەزاغا بىرمۇبىر:
— بارمۇ ياكى بۇ چۈشۈمدە ئۆزگە سىر؟
ياق بۇ ئۇلۇغ تەڭرىمىزدىن بېشارەت،
قوندۇرماسقا پاك ۋۇجۇدقا قىلچە كىر.

يارالمىشتا تەڭ يارالغان بارچىنىڭ،
ھەتتا تاغدا ئۆسكەن قارىغاي، ئارچىنىڭ.
بىر - بىرىگە چىڭ چىرماشقان يىلتىزى،
تەڭ كېسىلەر تەگسە تىغى پالتىنىڭ.

ئادەم دېگەن موھتاج يەتتە ئەزاغا،
ئىگە ئادەم ئۇ بىلەن يەر، پەزاغا.
ئادەمسىز ئۇ ئەزانىڭ نە كېرىكى،
ئۇسىز ئادەم تۆرەلگەي نە مازاغا.

ئايان بىزگە يۇغاندىلا قولنى قول،
قوللار يۇزنى يۇيار دائىم قولمۇ قول.
ئارىلاشسا گەپ تەمەننا ئارىغا،
نادامەتنىڭ تىغى ئۇنى قىلار قول.

تەمەننادىن ئۆلمەكلىكنى ئارتۇق بىل،
ئۆز بۇرچۇڭنى بېجىرمەكنى تارتۇق بىل.

قاباھەتلىك چۈشۈم ئوڭغا تارتمىسۇن،
غەم - ئەندىشەم ھەرگىز - ھەرگىز ئارتمىسۇن.

يەتتە ئەزا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ،
دەپتۇ، قاپتۇق ئەجەب ھېسقا كۆمۈلۈپ.
چۈش دېگەننىڭ ئەخلىتىدۇر ئۇيقۇنىڭ،
تاڭ شامىلى ئېلىپ كېتەر سۈپۈرۈپ.

لېكىن ساۋاق بولسۇن چۈشنىڭ بايانى،
ئوڭمىزدا تىغ ئۇرمىسۇن ئايانى.
ئۆتەيلى بىز بولۇپ سەگەك، ئۆملۈكتە،
بۇ ئۆملۈكنىڭ بولمىسۇن ھېچ پايانى.

شۇندىن بۇيان ئىنسان قېچىپ غەپلەتتىن،
بوپتۇ خالىي چۈشىدىكى ئەخلەتتىن.
ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلەرگە بۇ مىسال،
بولسا ساۋاق تاج كىيەتتىم لەززەتتىن.

## ئاكتيور دوستۇمغا

سىز بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم تالاي رەت،
سۆيۈنۈش ئىلكىدە رىغبىتىم تېشىپ.
چۈنكى سىز سەھنىدە تۆتىنىڭ بىرى بوپ،
تاپتىڭىز شان - شۆھرەت كەسپىڭە پىشىپ.

ئالسىڭىز باتۇرنىڭ رولىنى ئەگەر،
باتۇرلار ھەۋەستە سىزگە باقاتتى.
ئالسىڭىز «پەسكەش»لەر رولىنى مەگەر،
«پەسكەش»لەر يۈزىنى يەرگە ياقاتتى.

كۈيلىنىپ شۇڭلاشقا ئەلنىڭ تىلىدا،
بولدىڭىز نۇرانە سەھنە چولپانى.
ماختىنىپ سىز بىلەن دەيتتى ھەممە تەڭ:
— سىز مىللەت، خەلقىنىڭ پەخرى، ئوغلانى.

ۋە لېكىن چىقتىڭىز «ئىپلان»غا بۇگۈن،
قايسىبىر دورىنى زوق بىلەن ماختاپ.
«قان ئازلىق» ۋەجىدىن يىقىلىپ نەچچە،
يەپ ئاشۇ دورىنى تۇردىڭىز تاقلاپ...

ئاھ، خۇدا، كۆرۈشۈپ قالدۇق كۆپ ئۆتمەي،
سالامەت ئىكەنسىز ئاۋۇالقىدەكلا.
ئېكراندا پۇلاڭلاپ يىقىلغىنىڭىز،
رول ئېلىش ۋەجىدىن ئىكەن پەقەتلا...

ماختالدى بەزىلەر تىلىدا بۇ ئىش،
بەزىلەر رايىغا ياقمىدى بىراق.
دېيىشتى: يالغاندىن كېسەل بوپ چىقماق،
قىلمامدۇ «ئىپلان»نى چىنلىقتىن يىراق؟!

مەن دېدىم: يالغانغا ئۆندىگەنلەرنىڭ،
نە ئىشەنچ چىقارغان مەھسۇلاتىدا؟!
مىس ئالتۇن بولالماس بىرىلگەنگە ھەل،
ھوشيار دۇر ھەركىم بۇ ساۋاق ئالدىدا.

چېقىلسا زەر قاچا تاشقا ئۇرۇلۇپ،
ئەيىبلەر تاشنى كىم قولىنى جونۇپ.
قول ئۇزۇك نالايىق رولدىن ۋاقتىدا،
شۇ ئاددىي مىسالنى ئىبرەت دەپ تونۇپ.

# دوستلىرىم

شېرىن سۆخەن، چۈچۈك تىللىق دوستلىرىم،
كۆلكىسى گۈل، مېھرى ئىللىق دوستلىرىم.
دىدارلىشار سورۇن تۈزۈپ پات ـ پاتلا،
چىقىرىشىپ ھەر خىل قىلىق دوستلىرىم.

«دەم غەنىيمەت» سۆزى ھەر دەم باھانە،
ئولتۇرۇشى كاتتىلىقتا شاھانە.
ئېيتىپ يۈرەك سۆزلىرىنى ھامانە،
گەپ باشلىشى قائىدىلىك دوستلىرىم.

تىزىپ ئاندىن قاتار ـ قاتار خۇمۇرنى،
تېتىق قىلىپ چاقچاق بىلەن يۇمۇرنى.
ئۇزارتىدۇ دەپ ئۇن يىللىق ئۆمۈرنى،
ئىچىشىدۇ قۇيۇپ لىق ـ لىق دوستلىرىم.

چىققۇچىلىك قەدەھ تۆت ـ بەش ئايلىنىپ،
قالسا كىمكى كۆتۈرەلمەي جايلىنىپ.
شۇئانلا ئۇ سورۇندا مەست سايلىنىپ،
كۆلىشىدۇ ۋىلىق ـ ۋىلىق دوستلىرىم.

تۇيماس ھېچكىم قانچە ۋاقت ئۆتكەننى،
تۇيماس ھېچكىم كىملەر قېچىپ مۆككەننى.
تۇيماس ھېچكىم ئىچمەي يەرگە تۆككەننى،
مەي كەيپىدىن كۆرمەس ئېنىق دوستلىرىم.

قالسا كمكى ئەك كەيىندە ئايرىلىپ،
قارىمايدۇ ئاڭا ھېچكىم قايرىلىپ.
ھېساباتقا شۇ ئىگە دەپ قارىلىپ،
كېتىپ قالار دەسسەپ سىلىق دوستلىرىم.

تاشلىشالماس بىر - بىرىنى ۋە لېكىن،
تاشلىشىپمۇ چىداشمىقى ھەم قىيىن.
تاشلاشماسلىق ئۈچۈن خەجلەپ ھەم تىيىن،
باش قوشۇشار بولماي «تېرىق» دوستلىرىم.

شۇ ۋەجىدىن يەتكۈزەلمەي مائاشىنى،
تاپسا ئەگەر بوزەك قىلىپ ياۋاشىنى.
يولاتماستىن ئۆزىگىلا جوراشىنى،
قويمىچى بوپ كەتتى ئېرىق دوستلىرىم.

بىلمەيسىلەر بىراق ئۆيى - ھالىنى،
ئايال يىغلار باقالماي ئۈچ بالىنى.
كىيسە، يوقتۇر قورسىقىغا ھامىنى،
بۇ ئىشلاردا بەكمۇ قېرىق دوستلىرىم.

كەلسە بىر كۈن توك پۇلىنى دېرەكلەپ،
ئوغلى كېلەر ئوقۇش پۇلى كېرەك، دەپ.
ئۇ ئامالسىز ئاھ ئۇرىدۇ «يۈرەك» دەپ،
چىرايلىرى شۇڭا سېرىق دوستلىرىم.

«ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەن،
شۇ بىر سۆزنىڭ كارامىتى شۇ ئىكەن.
ساۋاق ئالماق لازىم بۇنىدىن ۋاقتىدا،
ئۆز - ئۆزۈڭنى تونۇپ ئېنىق دوستلىرىم.

مەيخورلۇقتىن ئەقىل، ئىدراك كېتىدۇ،
تاپقان پۇلۇڭ غازاڭ بولۇپ چېچىلىدۇ.
نامراتلىقتىن قەددىڭ يادەك پۈكۈلۈر،
چەك قويى ئەمدى ئاڭا قاتتىق دوستلىرىم.

توختات شۇڭا كۈندە سورۇن قۇرۇشنى،
بىل ئۆيۈڭگە تۇۋرۈك بولۇپ تۇرۇشنى.
پەرزەنتلىرىڭ توختاتمىسۇن ئوقۇشنى،
بۇرچۇڭدۇر بۇ چىن ئاتىلىق دوستلىرىم.

زامان نەدە، سەن قەيەردە، ئاڭا باق،
زامانغا خاس ئادەم بولۇپ ئەلگە ياق.
تاپسۇن روناق ئىش – ئوقىتىڭ ھەممە ۋاخ،
بۇدۇر ھەممە ئۈچۈن شادلىق دوستلىرىم.

## مەيخانا

دوقمۇشتا بىر پۈتلىشىپ ياتار ئىكەن مەيخانا،
بىر – بىرىگە ھەم يەنە قاتار ئىكەن مەيخانا،
كىرسەڭ دەرھال كەڭ قۇچاق ئاچار ئىكەن مەيخانا،
پارچىلاپمۇ، پۈتۈنمۇ ساتار ئىكەن مەيخانا،
ھەر ئەپ بىلەن ئۆزىگە تارتار ئىكەن مەيخانا.

كىرسەڭ تەييار سەن ئۈچۈن ئايرىمخانە، ئايرىم ئۆي،
ياڭراپ تۇرار ئۇستۇگدە لەرزان ناخشا، ئېسىل كۈي،
مۇلازىملار تەخ تۇرار دېگەن كەبى تاللاپ سۆي،
كۆيگۈچە ئوت تېشىدا ئوت ئىچىگە كىرىپ كۆي،
كىرە – كىرمەي دىلغا ئوت ياقار ئىكەن مەيخانا.

ئولتۇرساڭمۇ چوڭ سۇپەت ئابرۇيۇڭنى ساقلاشقا،
ئورتاق ئىكەن مەي تەپتى شاپ بۇرۇت ۋە ئاق باشقا.
ئىچسەڭ تۆت سەر چوقۇمدۇر ئايلانمىقلىق ياپياشقا،
كۆزۈڭ ئوينار ھەر ياندا سازغا تەڭكەش تاقلاشقا،
ھەتتا جىننى ئۇسسۇلغا سالار ئىكەن مەيخانا.

بولماس بۇندا ھەرگىزمۇ تارتىنىش ۋە ياتسىنىش،
بىر گەۋدىگە ئايلانغان ياش، قېرى ھەم يات جىنس،
كۇپايىدۇر رومكاڭنى سوقۇشتۇرۇش، كۆز قىسىش،
ئايلاندۇرار ھاتەمگە سىنى شۇ پەيت، شۇ ھىرس،
پۇللىرنى پۇلدارنىڭ چاچار ئىكەن مەيخانا.

دەردى بارلار يىغلايدۇ، دەردى يوقنىڭ كارى يوق،
دەردكە دەرمان بولماقتا بۇندا ئۆزگە چارە يوق،
ئۆلپەتسىزنىڭ ھەم بۇندا مەيدىن باشقا يارى يوق،
بىر - بىرنى ئوڭلاشقا مەيدىن باشقا دورا يوق،
شۇ دورىدىن ئىناۋەت تاپار ئىكەن مەيخانا.

دەردى بارنىڭ دەردىنى ئالار ئىكەن شۇ دورا،
توكۇرنىمۇ ئۇسسۇلغا سالار ئىكەن شۇ دورا،
كۆزىنىمۇ ئەمانىڭ ئاچار ئىكەن شۇ دورا،
زۇۋانسىزنى زۇۋانغا قاتار ئىكەن شۇ دورا،
بۇ دورىغا خۇشتارغا چاكار ئىكەن مەيخانا.

چىقسا لېكىن ئۇنىڭدىن ساپساق كىشى مەست بولۇپ،
كۆرۈنەركەن كۆزلەرگە ئەڭ پەستىنمۇ پەس بولۇپ،
يىقىتاركەن تۈز يولمۇ داۋاندىنمۇ تەس بولۇپ،
ياتىدىكەن ماڭدامدا ئەل ئايىغىدا خەس بولۇپ،
ئالمايدىكەن ئۇستىگە ئۇنى زىنھار مەيخانا.

مەيخانىغا كىردىم كۆپ، چەكسىز ھۇزۇر سۇردۇم كۆپ،
خىلمۇخىل شۇ ئىشلارنى ھەممىدىن بەك كۆردۇم كۆپ،
مەيخانىنى سۆكمەكتىن ئۆزگە نىمە دەردىم كۆپ،
ئامالسىز مەن كىرمەسكە ئاگا كۆڭۈل بەردىم كۆپ،
خىرۇئىندەك ھەركىمگە خۇمار ئىكەن مەيخانا.

## «شاھ»لار ھەققىدە قەسىدە

(ئىسمى ـ جىسمىغا ماسلاشمايدىغان بەزى ئاشخانىلارنى كۆرۈپ)

يارىشامدۇ، ياراشمامدۇ «شاھ»لىق تونى بەستىگە،
زەپ تىقىلىپ كەتتى «شاھ»لار بىزنىڭ كوچا ـ رەستىگە.
بىرى پولۇ، بىرى لەڭمەن، بىرى ئۈگرە، بىرى نان،
تەخت قۇرۇپتۇ ھەممىسىلا ماختىنىشلار ئۈستىگە.

ئۆتۈپ قالساڭ گەر مۇبادا ھەربىر «ئوردا» ئالدىدىن،
توسار سېنى نەچچە نۆكەر يۈگرۈپ چىقىپ دالدىدىن.
يېپىششى قىلىشمايدۇ خۇددى كانا، سالجىدىن،
ــ يولۇقتۇمۇ، ــ دەرسەن چۆچۈپ، ــ نەچچە «قۇلاق كەستى»گە.

ياق، ياق ئۇلار شۇ «شاھ»لارنىڭ ساداقەتمەن نۆكىرى،
خىزمەت قىلار «ئوردا» ئۈچۈن سېنى چىللاپ ئىچكىرى.
ئۆز رىزقىنى تېپىپ يەيدۇ شۇ ئىش بىلەن ھەربىرى،
كىر، كىرمىگىن، بولما ھەيران ئۇلارنىڭ بۇ كەسپىگە.

كىرەر بولساڭ قارشى ئالار «ئوردا» سېنى بەكمۇ شاد،
چاي كەلتۈرۈپ تەزىم بىلەن قىلىپ ھەر خىل ئىلتىپات.
ــ نىمە يەيسىز، ــ دەيدۇ يەنە، ــ كەلتۈرىمىز سىزگە پات،
تويۇندۇرۇپ قەلبىڭىزنى ئىللىقلىقنىڭ تەپتىگە.

بىراق قۇيغان چايلىرىدىن ئىغىزىڭمۇ ئىللىماس،
پۇچۇق تەخسە، داغ پىيالە، ئىدىتلىماس، خىللىماس.
«يىگىلىغىن» دىسەڭ، «ھە» دەر، لېكىن ھېچبىر سىلجىماس،
كېتىپ قالار ئۆز - ئۆزىنى سىلىپ گويا بىلمەسكە.

بۇيرۇتماڭنى ساقلاپ يەنە چېچىلسەن نەچچە رەت،
ئالدىراتساڭ دەيدۇ: «ھازىر»، يوق «ھازىر»دا چەك، مۆھلەت.
تىت - تىت بولۇپ ئۆز - ئۆزۈڭگە دەيسەن ھامان شۇ سائەت:
— كەلسەڭ بۇيان تويۇپ كەلگىن ئاچچىق يۇتۇپ يۇرمەسكە.

ئاڭلانغاندا قورۇمنىڭ گاژ - گۇژلىرى مىڭ تەستە،
بوخسۇپ چىققان بۇس دەستىدىن قىينىلسەن نەپەستە.
يوقمۇ دەيسەن تەدبىرلىرى بۇ ھالەتنى چەكلەشكە،
ئىلاجىڭ يوق «بەك بولۇمسىز خەق ئىكەن بۇ» دىمەسكە.

قىلار بىزار شۇندا يەنە ئېلىپ چىققان تائامى،
جاڭيۇ پۇراق گۇيرۇلىرى يېسۇڭىلەك، مۇچ تامامى،
مانتىسىدىن پىياز پۇراپ قاچار كۆڭلۈڭ ئارامى،
نېمە ئامال ئىككى چىشلەپ دەرھال نىرى سۇرمەسكە.

يىسەڭ لەگمەن خۇددى دەمدەك ئۇنىڭ ھەربىر تالاسى،
مايسىزلىقتىن قەسەمخوردەك تۇرار تاتىرىپ پولۇسى.
نارىنلىرى ساپلا سەۋزە، قىممەت تېخى باھاسى،
ئىلاجىڭ يوق بىر قاراپلا قوشۇماڭنى تۇرمەسكە.

«شاھ» ئاتالغان نېمەتلىرىڭ شۇمۇ دەيسەن غەزەپتە،
چىللىماققا خوجايىنىنى راستچىللىق ھەم ئەدەپكە.
راست - يالغاندىن چېپىپ قويار نۆكەرلەر ھەر تەرەپكە،
يوقاپ كېتەر خوجايىنمۇ تىرناق تاتىلاپ يۇرمەسكە.

چىقار بولساڭ رەنجىپ ئۈندىن ئاچ قورساقلا پەش قىلىپ،
ئۈزىتىدۇ مۇلازىملار «يەنە كېلىڭ» دەپ چىقىپ.
بىلمەي نىمە دېيىشىنى ئاچچىقىدا دەم قىسىپ،
دەرسەن: چولام تەگمەس ئۈندەپ باشقىلارنى كەلمەسكە.

«ياغاچ قازان بىر قاينار»نىڭ شۇ دۇر مەزمۇن - مەنىسى،
كاسىپ ئۈچۈن خەۋپلىكتۇر خېرىدارنىڭ تەنىسى.
بۇ سۆز بولسۇن كاسىپلارنىڭ مەڭگۈ ئوقار دەرىسى،
ساختىلىقتىن ئۆز كەسپىگە ھەرگىزمۇ ھەل بەرمەسكە.

ئۆز - ئۆزۈڭنى مەيلى شاھ، يا شاھىنشاھ دەپ ئاتىۋال،
توز پېيىدىن نەچچىسىنى مەيلى ئارتۇق تاقىۋال.
بولماق لازىم ئۈنىڭغا خاس خىسلەت، ئۇدۇم ئەڭ ئاۋۋال،
ئادىللىقنىڭ ئېتىزىغا ساختا ئۇرۇق تەرمەسكە.

— ئاچ قورساقلا يۈرمەس كىشى كېلەر، — دېمە، — نائىلاج،
گەر بولمىسا شاھمۇ ئادىل كېلەر ئېغىر باشقا تاج.
تۇرالمايسەن قايتا ئۆرە خېرىدارىڭ ئالسا باج،
ساختا شاھلىق تونلىرىڭمۇ ئۈچۈپ كېتەر كەلمەسكە.

«شاھ» بولغۇچە كىيىپ جەندە ئاددىي يۇقرا بول ئاۋۋال،
تاپماق ئۈچۈن ئەل ئىچىدىن يۇقراغا خاس يول ئاۋۋال.
ياقساڭ ئەلگە ئەل قەلبىدە سەن بىر «شاھ» سەن بىسوئال،
ھالال ئىشلەپ تاپقىن روناق ھەرگىز زاۋال كۆرمەسكە.

## قۇۋۇ تۈلكە ئىلىندۇ تۇمشۇقىدىن

نەپسىگە شەيتان مىنگەن نائەھلىلەر
ئايرىماس ھالال، ھارام، مەكرونى ھەم.

تويسمۇ ئۆزى، تويماس كۆزى ھەرگىز،
ئىستەيدۇ جاھاننىمۇ قىلماقنى يەم.

قىزىرىپ كۆزى شۇڭا نەپ ئالدىدا،
تۇرىدۇ سوقۇپ ھامان تۇرماي ساناپ.
بەزىدە تۈلكە بولۇپ تىمسىقلار،
ئېيىقتەك ئۆتەر بەزەن تاپان يالاپ.

ۋە لېكىن ھېسابى بار بۇ جاھاننىڭ،
ھەممىگە تەڭ تەگلەنگەن تارازىسى.
قانچىكى كۆرسەتمىدىم دېگەنبىلەن،
پۇت - قولى گۇناھنىڭ گۇۋاھچىسى.

كەلگەندە پەيتى ئاشۇ پۇت ۋە قوللار،
يوشۇرۇن گۇناھلارنى سۆزلەر بىر - بىر.
بولمىغاي بۇسى چىقماس ھېچبىر قازان،
ئۆيدىكى ئوتنى تۇرخۇن تۇتالماس سىر.

يوق شۇڭا نائەھلگە پىنھان پاناھ،
ياشالماس يوشۇرۇنۇپ ھەرگىز ئۇزاق.
دەيدىكەن «جاھان ئىشى ئاستا - ئاستا»،
بۇ دېمەك: بۇ ئالەمدە بار ھەم دوزاخ.

ھىيلىلەر قىلسۇن قانچە تەمسىل ئېنىق،
«قۇۋ تۈلكە ئىلىندۇ تۇمشۇقىدىن».
ئۇرغۇلۇق شۇڭا ھەردەم نا ئەھلنى،
ئۆتكۈزمەي تورۇپ پەگاھ - بوسۇغىدىن.

## تىل دېگەن...

تىل دېگەن ئەسلىلا سۆھكەكسىز نەرسە،
بۇرىساڭ بۇرىلار خالىغان سۆزگە.
بەزىلەر گۈل ئاچار تەلەپپۇزىدىن،
نۇرانە ئاپتاپتەك كۆرۈنۈپ كۆزگە.

ئەجەبكى، بەزىلەر ئاچسىلا ئېغىز،
بۇرىلار ئازارلىق سۆزلەرگە تىلى.
بىلمەيدۇ تەرگەشتىن باشقىنى ھەرگىز،
دىللارنى بىئارام قىلىپ ھەر يولى.

بەزىلەر لاپ ئۇرۇپ خالىغىنچە،
ئالىدۇ ھەرقاچان ئاغزىدا شەھەر.
ئەمەلى سۆرەشتۇر قۇرۇق ھارۋىنى،
يۈك كۆرسە ھەرقاچان قاچىدۇ بەدەر.

بەزىلەر تىلىنى جورىسا گەپكە،
كۆزلىرى تىكىلەر پايدىغا - نەپكە.
يالغاننى راستتەكلا قۇيۇۋېتىدۇ،
كەلتۈرمەك كويىدا ئىشنى «ئەپ»كە.

بەزىلەر بىراۋنى بىراۋغا چېقىپ،
ئۆتىدۇ ئۆرتىنىپ ھەسەت ئىلكىدە.
ئۆزگىنى قاقشاتماق راھەتى ئۇنىڭ،
ئۇنىڭسىز يوق راھەت كۆڭۈل مۇلكىدە.

بەزىلەر «خوش - خوش»لار كۆكسىدە قولى،
شۇنىڭغا مۇناسىپ يۇمشىغان بىلى.

بار لېكىن شۇ «خوش ـ خوش» ئاستىدا «پوش! ـ پوش!»
بولغاندەك تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى.

ئۇنداقلار ھەركىمگە خېلىدىن مەلۇم،
تىلىغا ماس كەلمەس دىلىدىن مەلۇم.
ئالدىغا كەتكەنىنىڭ قىرقىپ پېيىنى،
ھارامغا دەندىگەن گېلىدىن مەلۇم.

ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى تىلدۇر،
قىممىتى ھەم شۇدۇر ھەر چاغ، ھەرقاچان.
تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بارلارنى،
كۆرگۈلۈك ھايۋاندىن مىڭ ھەسسە يامان.



# باللادالار

## بللە كەتكەن سر

ھەركىمنىڭ ئۆز سىرى بار ساقلايدىغان،
بۇرچى بار شۇ سىرغا خاس ئاقلايدىغان.
يەتمىسە ئۆمرى ئەگەر ئاقلىماققا،
چىقار ھەم ئىز باسارى ياقلايدىغان.

ۋە لېكىن شۇنداقمۇ بىر سىر بولىدۇ،
ئاشكارا قىلماققا ئۇ ئۇيۇلىدۇ.
ئاشكارا قىلىنسا گەر ئەل ئالدىدا،
قىلمىشى لەنەتلىنىپ پۇر بولىدۇ.

شۇنداق بىر سىرنى ئېپ كەتتى يۇسۇپ،
بىئامال جان تالىشىپ ھەر يان ئۇسۇپ.
شۇ ئىدى ئەسلىدىلا ئۇنىڭ يولى،
چىقالماس بۇ يولدا كىم ماڭسا بۆسۇپ.

*　*　*

ئۇ ئۆستى ئائىلىدە ئەركە - نايناق،
(بەزى خان، بەزى تايچاق، بەزى موىناق).
ئاتىسى دېسە ئۇنى كۆڭۈل خۇشى،
ئانىسى دەيتتى ئەركىن تاپسۇن روناق.

تىلەككە لايىق روناق تاپماي بىراق،
بولدى ئۇ چىراغپايىغا پىلىك بىراق.
ئۆگەندى «ئاق» چېكىشنى «دۆت مەست» بولۇپ،
ئانىنىڭ ئارزۇسىنى قوغلاپ يىراق.

باسماققا بىسىپ بولماس خۇمارىنى،
تۆگەتتى ئۆي مۈلكىنى - روزىغارىنى.
قول سالدى قوشنىلارنىڭ مۈلكىگىمۇ،
قاخشىتىپ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارىنى.

ئۇڭلماق ئارزۇسىدا ئۇنى ئاتا،
قالمىدى قىلمىغىنى، ئۇردى ھەتتا.
ساقچىلار قويۇپ بەردى نەچچە سولاپ،
قولىدىن تىلخەت ئېلىپ نەچچە قاتا.

قىلسىمۇ ئوڭلىنىشقا تالاي ۋەدە،
ۋەدىسى قالدى پەقەت قىلغان يەردە.
ئەقلىنى بۇلغاپ «ئاق»نىڭ ۋەسۋەسىسى،
تۇماندىن كۆز ئالدىغا توستى پەردە.

كۆرۈنمەي كۆزلىرىگە ھېچلا نىمە،
ئۇ كونا ئىزلىرىنى باستى يەنە.
جىسمىغا سىڭىپ كەتكەن ئاق ئالۋاستى،
تىزگىنلەپ، بويۇنتۇرۇق ئاستى يەنە.

دەيتتى ئۇ: قىينىما جان خەققە بېقىپ،
ئاسارەت زەنجىرىنى تاشلا چېقىپ.
روھىڭنى پەرۋاز قىلدۇر ئېگىز كۆكتە،
جىسمىڭنىڭ تەشناسى شۇ «ئاق»نى چېكىپ.

شۇ سۆزگە بېرىپ مەيل تىزگىنىنى،
سەزمىدى يۈسۈپ نەلەر كەزگىنىنى.
قىلالىتى ئايان «ئاق»قا خۇمار تۇرقى،
شۇ ئۈچۈن ھاياتىنىمۇ بەزگىنىنى.

ۋە لېكىن قىيىن تىلەپ تاپماق ئۇنى،
قىممەتتۇر ئالتۇندىنمۇ نەرخى ـ خۇنى.
بولمىسا قول ئىلكىدە بۇلاش كېرەك،
بۇ خۇمار تەقەززاسى كۆتەر شۇنى.

شۇ خىيال بىلەن بۇزۇپ پەيلىنى ئۇ،
بەردى شۇم پىلانلارغا مەيلىنى ئۇ.
بولمىدى ئېپى لېكىن ھېچقايسىنىڭ،
قىلسىمۇ ئۇزاق داۋام «سەيلى»نى ئۇ.

ئاخىرى تۈن قوينىدا سىرتقا چىقتى،
قىلمىغان بىر قىلىققا قولنى تىقتى.
ياپقۇچى نەچچە يۇندى قۇدۇقنىڭ،
ئۇنىڭ شۇم قولى بىلەن شۇ كۈن يىتتى.

بەلكى ئۇ سېتىپ ئۇنى چەككەندۇ ئاق،
قانغاندۇ خۇمارىغا پەقەت بىر ۋاخ.
ۋە لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ ئوغرىلىقى،
قالدۇردى ۋۇجۇدىدا مەڭگۈلۈك داغ.

بىلدىكى، ئۇنىڭ ئىشچى ـــ جان ئاتىسى،
يانغاندا بەن ئالمىشىپ شۇ كېچىسى.
يىقىلىپ ئوچۇق يۇندى قۇدۇقىغا،
ئۈزۈلدى نەچچە يەردىن ئۇمۇرتقىسى.

بۇ مۇدھش شۇم خەۋەردىن رەڭگى ئۆچۈپ،
يۈگۈردى دوختۇرخانا تامان چۆچۈپ.
يەر ـ ئاسمان بولدى گويا ئاستىن ـ ئۈستۈن،
ئۈستىگە چۈشتى گويا تاغلار كۆچۈپ.

ئەيىبلەپ ئۆز ـ ئۆزىنى تىللاپ، سۆكۈپ،
بارار ئۇ نادامەتلىك ياشلار تۆكۈپ.
ئويلاپمۇ قويمىغان بۇ ئاقىۋەتنى،
ئەل قىلماس ئىشنى قىلغان چاغدا مۆكۈپ.

بارار ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن شۇنچە ئۆكسۈپ،
پۇشايمان بىلەن باغرى ئوتتەك كۆيۈپ.
گەر ئاتا ئوغلىنىڭ شۇنچىلىك قىلسا قازا،
بولمامدۇ قاتىلنىڭ دەل ئۆزى يۈسۈپ.

ئۆكۈندى بولۇپ مەھكۇم شۇ زەھەرگە،
سەۋەبچى بولغىنىغا چوڭ خەتەرگە.
ئورنىغا كەلمەيدۇ بۇ ئەمدى قانچە،
يارىسمۇ باش ـ كۆزىنى ئۇرۇپ يەرگە.

«كىم قىلسا شۇ ئۆزىگە قايتىدۇ» دەر،
كەلمىدى بۇ سۆز بىراق ئورنىغا دەل.
مەيلىدى يۈسۈپ ئۆزى بولسا نىمە،
رازىدى ھەتتا كېلىپ قۇچسا ئەجەل.

زارلىنىپ يۈسۈپ بۇ كۇر ئاقىۋەتتىن،
قەلبىنى قىلىپ پارە ئوقۇبەتتىن.
دەرياچە ياش تۆككەنچە كەلدى يېتىپ،
ئاتىغا تىلەپ شىپا چىن يۈرەكتىن.

شۇم ئەجەل ياستۇقىغا قويغانچە باش،
ياتاتتى ئانا بۇ دەم تەستۇر چىداش.
بىشىدا ئاھ ئۇراتتى ئانا زارلاپ،
كۆزىدىن قوش بۇلاقتەك ئاقتۇرۇپ ياش.

قەلبىنى ئۆرتەپ بۇ زور مۇدھىش قازا،
تاشلىنىپ ئاتىسىغا ئاچتى ھازا.
ۋە لېكىن قىلمىشىنى قىلالماي پاش،
تام ئۇسۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە بەردى جازا.

شۇ بىلەن يىقىلدى ئۇ بىھوش بولۇپ،
يا ئوقى كېلىپ تەگكەن بىر قۇش بولۇپ.
دوختۇرلار ئالدىراشتى ھەريان چېپىپ،
قالماققا خەۋپ ـ خەتەردىن تېز قۇتقۇزۇپ.

* * *

بىر ئۆيدىن چىقتى شۇ كۈن قوش جىنازا،
ئېسىدىن كەتتى ئانا ئېچىپ ھازا.
بىرەلمەي قالارمۇ دەپ ئانا چىداش،
چۆچۈتتى خەقنىمۇ بۇ بالا ـ قازا.

1992 ـ يىلى

## ئانا ھەسرىتى

ئۆزىمۇ، سۆزىمۇ قالدى ئۆزگىرىپ،
تۇرۇلۇپ قاپىقى ھەسەن كىچىكنىڭ.

كىرگەندە، چىققاندا تىپەر ئىشىكنى،
گۇناھى نېمىكىن زادى ئىشىكنىڭ؟

ئەلەمدىن چىرايى تاتارغان ئاتا،
بىر جايغا خىيالچان قاراپ قالدۇ.
ئۆرتىنىپ ۋۇجۇدى، موجۇلۇپ باغرى،
كۆلپەتلىك كۈنلەرنى ئەسكە ئالدۇ.

لەنەتلىك يىللارنىڭ ئاچچىق قوينىدا،
ئۆستى ئۇ يەكلىنىپ، چەكلىنىپ ھامان.
كۆتۈرۈپ قەددىنى كىردى قاتارغا،
ئاچقاندا كەڭ قۇچاق يېڭى بىر جاھان.

قايندى بىر مەزگىل قازاندا ئۇماچ،
سارغايدى چىرايلار قىلىپ بەزەن ئاچ.
يامالدى كىيىملەر ئۈستى - ئۈستىگە،
ئۇنتۇلۇپ «سۆلەت»كە بولغان ئېھتىياج.

تىرىشىش - تىرمىشش يەڭدى ھەممىنى،
جاپالىق ئەمگەكتىن رەڭ تۈزدى ۋەتەن.
قان يۈگۈرۈپ سارغايغان چىرايلارغىمۇ،
خۇش كۈلدى رەڭمۇرەڭ توندا ھەر بەدەن.

ھە بۈگۈن باھاردەك ياساندى ھەممە،
كۈنلىرى توي كەبى شادلىقتا ئۆتەر.
شۇ ئىدى ئەجدادلار كۆزلىگىنىمۇ،
شۇنى دەپ ئەجدادلار ھامان تەر تۆكەر.

شۇندىمۇ بولمايدۇ چەكسىز ھەممە ئىش،
«پۇت سۇناق لازىمدۇر يوتقانغا قاراپ».

دوراشتىن كۆپ ئىشلار ئاشماقتا چەكتىن،
بۇ ئادەت قىلىدۇ ھەممىنى خاراب.

ئويلىنار تىنىمسىز، ئويلىنار ئاتا،
ئويلىرى كۆڭۈلنى غەش قىلار ھامان.
ئىككى يىل ئىچىدە ئىككى ئوغلىنى،
ئۆيلىدى چىرايىن سارغايتىپ سامان.

شۇ بىلەن تۇگىدى تاپقان بىساتى،
سارغايغان چىرايى ئۇنىڭ ئىسپاتى.
ھە ئەمدى نۆۋىتى ھەسەن كىچىكنىڭ،
(بۇمۇغۇ ئاتىنىڭ ئەزگۈ مۇرادى).

سۆزلىدى ئىشلارنىڭ «يولى»نى ھەسەن،
كەڭ سوزۇپ ھەر يانغا قولىنى ھەسەن.
خەجلىمەك كېرەكمىش ئوتتۇز مىڭچە پۇل،
قىزنىماق كويىدا توينى ھەسەن.

— ئەللىكچە ماشىنا، — دېدى، — تەق تۇرسۇن،
«ئۆرۈم»گە تەئەللۇق پۇلمۇ نەق تۇرسۇن.
«چاچقۇ»لار چېچىلسۇن خۇددى ساليوتتەك،
«قىز يۆتكەش» داغدۇغا بىلەن بەرق ئۇرسۇن.

جابدۇلسۇن ھۇجرامۇ زامانغا لايىق،
كۆرۈپلا زوقلانسۇن كىرگەن خالايىق.
تىزىلسۇن تەلتۆكۈس ھەر خىل «ئالغۇ»لار،
بولمىسۇن ھېچقايسى ئاددىي، نالايىق.

بىر تېمى ئەينەكتىن بېزەلسۇن ئۆينىڭ،
كىرگەنلەر ئۆزىنى كۆرۈپ خۇش كۆلسۇن.

ئىسسىقسۇن تام ئەمەس، تورۇسقا گىلەم،
باققانلار قەلبىدە گۈللەر ئېچىلسۇن.

بۇ چەكسىز ھېسابات ئالدىدا ئاتا،
بىلدۈردى قىلماقنى قەرزىنى ئادا.
ۋە لېكىن قازاندا بولسا نېمىلا،
چىقماقلىق شۇ ئۆزى ھەركىم يادىدا.

مېھمىنىڭ كېلىدۇ، يەيدۇ، كېتىدۇ،
ماختايدۇ، بەزىسى رەھمەت ئېيتىدۇ.
بەزىسى تەققاسلاپ باشقا بىر تويغا،
تويۇڭغا ئۆزگىچە چېكىت چېكىدۇ.

دەيدۇ ئۇ ئۆزىچە — توي بولامدۇ بۇ،
توي دېگەن توي ئوخشاش بولۇشى كېرەك.
ئەمما ئۇ بىلمەيدۇ توي ئۆلچىمىنى،
توي ئۈچۈن بولمىغان ھېچقاچان ئۆرنەك.

بەزىلەر ئۆي تۇتار ئوقۇتۇپ نىكاھ،
بەزىلەر توي خېتى ئالسا كۇپايە.
بەزىلەر باش قوشار پىنھان ھەممىدىن،
ئانارخان، قۇرباندەك قىلىپ كىنايە.

قىلمىسام ئەگەردە تەلىپىڭنى رەت،
بوپقالار بۇ تويۇڭ ئاممۇۋى ھەرىكەت.
بەسلىشىپ خەق بىلەن مودا قوغلاشساڭ،
قاچىدۇ كۆپ ئۆتمەي ئۆيۈڭدىن بەرىكەت.

ئاددىي قىل، ھەرگىزمۇ دورىما خەقنى،
پايلىماي ئۆزۈڭنى كېڭەيتمە چەكنى.

چاغلىققۇ ھەر ئايدا ئالار مائاشىڭ،
قويمىغىن تەڭلىكتە ئاتاڭ بوزەكنى.

شۇ بولدى ئاتىنىڭ ئېيتقىنى پەقەت،
تۇرۇلدى تەلەتى ھەسەن كىچىكنىڭ.
كىرگەندە، چىققاندا تېپىدۇ ئىشىك،
گۇناھى نېمىكىن زادى ئىشىكنىڭ.

جامائەت ئويلىنىپ بېرىڭلار جاۋاب،
قايسىنىڭ ئۈستىدە ئىكەن سەۋەنلىك.
ئاتىنىڭ ھەسرىتى ئورۇنلۇق ماڭا،
غەش قىلدى مېنىمۇ شۇ ھەسەن كىچىك.

1995 - يىلى يانۋار

## مەمۇرچىلىق شەھەرنىڭ سىرى

رىۋايەتلەر قامۇسىنى ئاختۇرۇپ،
ئوقۇپ قالدىم بىر چۆچەكنى ياقتۇرۇپ.
ھۇزۇرىدىن ۋۇجۇدۇمغا گويا ئۇ،
كىردى شادلىق دەرياسىنى ئاقتۇرۇپ.
شۇ دەريادا تاھىر كەبى ئاقتىم مەن،
ئۇلۇغ ھېكمەت مېغىزىنى چاقتىم مەن.
قۇتلۇق شەھەر ئاستانىسى ئالدىدا،
تۇپرىقىغا ھۆرمەتتە لەۋ ياقتىم مەن.
بىر شەھەركى قوزغار دىلدا ئىشتىياق،
نۇر ئىچىدە چاقناپ تۇرغان ھەممە ياق.
خەلقى مەغرۇر، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم،
گۈلدەك كىيىپ، گۈلدەك چاچار خۇش پۇراق.

قلماس ھېچكىم بىر ـ بىرىگە ئۇساللىق،
يەر شارىدەك دەۋر قىلار خۇشاللىق.
يوقتۇر بۇندا ئاچ ـ زېرىنلىك ھەسرىتى،
«توقلۇق ـ شوخلۇق» قىلدى ھاسىل بىر تارىخ.
كەلدى شۇندا ئاڭلاپ بۇ ئەل داڭقىنى،
ئۆزگە ئەلنىڭ باي سودىگەر كارۋىنى.
ئويى قىلىپ بايلىقنى نامايان،
يەگمەك بۇ ئەل شۆھرىتىنى ھامىنى.
تۆگە ـ تۆگە مالنى كۆركەم تايلىتىپ،
كەلدى قىرىق باھادىرغا ھايدىتىپ.
شاھزادىدەك ياساندۇرغان ھەممىنى،
ھەيۋىتىدىن قالار ھەر كىم داڭ قېتىپ.
«ماكان» قىلىپ ئەڭ ھەيۋەتلىك سارايىنى،
يايدى ھەر يان نەچچە مىڭ خىل تاۋارنى.
شايى، ئەتلەس، دۇردۇنىلار كۆز چاقناتتى،
ئەسكە سېلىپ گۈل ئېچىلغان باھارنى.
گۈل ھەرىسى بولۇپ گۈلگە ئىنتىزار،
ئۇچقان كەبى كەلدى مىڭلاپ خېرىدار.
قەلبى يايراپ، قەددى باينىڭ بولدى تاغ،
تاپقاچ بارچە مېلى بۇندا ئېتىبار.
تاپاۋىتى بىرگە ئونلاپ قاتلاندى،
ئامىتىدىن باي بېھىساپ شادلاندى.
كۆرسەتمەككە بۇندا يەنە ئۆزىنى،
كاتتا سورۇن تۈزمەك ئۈچۈن راسلاندى.
كەلتۈرۈلدى كوزا ـ كوزا مەي ـ شاراب،
كەلتۈرۈلدى ھەر خىل تائام، گۆش، كاۋاپ.
قىرىق يىگىت كىيدى باشقا سارايىنى،

ئېيتىپ ناخشا، چېلىپ دۇتار، داپ راۋاب.
سورۇن ئەھلى ئىچتى يايراپ يۈرىكى،
بۇنداق چاغدا پۇلنىڭ نېمە كېرىكى.
گېزى كەلسە خەجلەپ ھەتتا جاننىمۇ،
«مەرد»لىكنى كۆرسەتمەك «مەرد»تىلىكى.
«مەرد»لىكىدىن «تالقان تۆكتى» قىلىشىپ،
ئىچتى، بەخت، ئۇزاق ئۆمۈر تىلىشىپ،
كوزا ـ كوزا شاراب يەردە دومىلاپ.
ھەر خىل نېمەت ئاقتى ئاغا چېلىشىپ.
مۇلازىملار تۇرماي ئارتۇق نازلىشىپ،
قىلدى خىزمەت بارغانسېرى سازلىشىپ.
تۈرۈلمىدى قوشۇمىسى قىلچىمۇ،
قىلسا چاقچاق بەزى «مەست»لەر ئازغىشىپ.
بىراق ئۇلار ماڭغىنىدا قوزغىلىپ،
توستى يولنى بىر مۇلازىم خۇش كۈلۈپ،
دېدى: خۇشال ئولتۇردۇڭلار ۋە لېكىن،
پايداڭلاردىن زىيىنىڭلار بولدى كۆپ.
ـــ نېمە زىيان؟ باي بېھساب ھەيرەتتە،
باقتى ئۇلار شەرەت قىلغان تەرەپكە.
تۇرار ئىدى تاۋاق ـ تاۋاق تاماقلار،
ھەتتا چوكا تەگمىگەن بىر ھالەتتە.
باي سودىگەر كۈلۈپ كەتتى قاقاقلاپ،
ـــ ئۆتكەن بىزگە بۇ نېمەتلەر تاۋاقلاپ.
تۆلىگەن بىز ئاقچىسىنى بۇرۇنلا،
توسماڭ، تۆھمەت ئوقلىرىنى ساداقلاپ.
ـــ كەچۈرسىز، دەپ مۇلازىم پۈكتى تىز،
«تۆھمەت» ئاتلىق ئالۋاستىدىن يىراق بىز.

تەق قىلىمىز دېگىنىنى مېھمانىنىڭ،
يول قويمايمىز قىلسا ئىسراپ بىراق بىز.
كۆپتۇر ئىسراپ قىلغىنىڭلار يېگەندىن،
ئېلىنمىغان لوقما بەزى لىگەندىن.
بولماس كۆز - كۆز قىلغان بىلەن پۇلنىلا،
«ئاش»سىز قورساق تويامدۇ «پۇل» دېگەندىن.
ئارپا، بۇغداي، تېرىق، قوناق ئاش ئىرۇر،
گۆھەر، ياقۇت، ئالتۇن، كۈمۈش تاش ئىرۇر.
ئايرىۋالاش گەرچە مۇمكىن بولسىمۇ،
«تاش»نى قېنى كىم يېمەكلىك «ئاش» قىلۇر.
خورلىغانلار مەنمەنلىكتە ئاشلىقنى،
تارتماي قالماس ئاقىۋەتتە ئاچلىقنى.
بۇنداق كۈنلەر بولۇپ ئۆتكەن تارىختا،
ئىسراپخورلۇق چىللار ئاڭا ماسلىقنى.
مەيلى ئوينا، مەيلى يەپ - ئىچ، كەيپ قىل،
ئىشتىھاغا لايىقلا پۇل سەرپ قىل.
بۇزۇپ - چاچساڭ ھەتتا تاغمۇ تۈگىماس،
بەختەجلىك ھەم مەنمەنلىكنى ئەيىب بىل.
ئىشلەت پۇلنى ھەر دەم روناق تاپماققا،
ھالال ئىشلەپ مىلىڭغا مال قاتماققا.
يۆلە يېتىم - يېسىرلارنى ئۇچراتساڭ،
ئېلىپ دۇئا، ئەلدىن ساۋاپ تاپماققا.
ئەل دۇئاسى قىلار راۋان ئىشىڭنى،
ئەل قارغىشى قىلار تۆۋەن بېشىڭنى.
شۇڭا ئاشقان نېمەتلەرنى تاشلىما،
پۇشايماندىن تۆكمەسلىككە يېشىڭنى.
قالدۇرماستىن ئۇنى تولۇق ئېلىپ كەت،

دىلىمىزغا زور خۇشاللىق سىلىپ كەت.
سەپىرىڭدە قىلىپ ئۇنى ئوزۇقلۇق،
دوستلىرىڭغا يېڭى خىسلەت بەخش ئەت...
مۇلازىمىنىڭ سۆزى جاندىن ئۆتتۈپتۇ،
باي ئامالسىز چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ.
«ئىپ كېتەيلى» دەپتۇ، لېكىن كۆڭلىگە
ئۆزگىچە بىر شۇم خىيالنى پۈكۈپتۇ.
يىغىشتۇرۇپ ئاشقان ـ تاشقان ھەممىنى
تۆر بويىچە بىر تۆگىگە يۈدۈپتۇ.
بىراق چىقماي تۇرۇپ شەھەر ئىچىدىن،
بىر بۇلۇڭغا ھەممىسىنى تۆكۈپتۇ.
كۆرۈپ قىلىپ شەھەر ئەھلى ئۇلارنى،
شاھ ئالدىغا دەرھال سۆرەپ بېرىپتۇ.
ئاڭلاپ بولغان ئەھۋاللارنى شاھ تولۇق،
غەزەپ بىلەن ئۇستىلەپ ئىش تېرىپتۇ.
دەپتۇ: شۆھرەت تاپتۇق مەمۇرچىلىقتا،
مەمۇرچىلىق تەكتى تېجەش بىرلىكتە.
ئەيىبلىنەر بۇزسا بۇنى كىمدۇكىم،
تۇزكورلۇق ھەم قەلبى ناپاك ـ كىرلىكتە.
بۇنداقلارغا بولماس رەھىم قىلىشقا،
تەييار جاللات تېرىسىنى شىلىشقا.
كەلسەڭلارمۇ گەرچە سىلەر يات ئەلدىن،
لايىقسىلەر بۇندا ئىبرەت ئېلىشقا.
بولسۇن تۆرمە سىلەرگە خوپ مەدرىس،
بولسۇن ئاشلىق، ئاچلىقمۇ ھەم بىر دەرىس.
بولسۇن مەقسەت يەتمەك ئاشلىق قەدرىگە،
بولسۇن ئالىي گۇندىپايلار مۇدەررىس.

شاھ پەرمانى ئەزەلدىنلا ئاتقان ئوق،
ئېتىلغان ئوق كەينىگە ھەم يانغان يوق.
شۇنىڭ بىلەن چۈشۈپ ئۆلار تۈرمىگە،
ئۆتكۈزۈپتۇ بىر ھەپتىنى ساق تولۇق.
شۇندا چىللاپ شاھ ئۇلارنى ئالدىغا،
ئۆتكەن ئىشنى ساپتۇ بىر - بىر يادىغا.
دەپتۇ: ئادا بولدى ئەمدى قەرزىڭلار،
ئېرىشتىڭلار ھەمدە يېڭى پايدىغا.
بۇ پايدىنىڭ تەرىپىگە سۆز يەتمەس،
مۆلچەرلەشكە ئەكسىنىمۇ كۆز يەتمەس.
بۇدۇر تونۇپ يەتمەك ئاشلىق قەدرىنى،
تارتىپ كۆرمەك ئاچلىقنىڭمۇ دەردىنى.
بولۇپ بۇنىڭ قاتناشچىسى، شاھتى،
ئۆتكۈزدۈڭلار باشتىن تولۇق ھەممىنى.
سورۇنۇڭلار ئېشىندىسى - زايىسى،
تېتىتتى بۇ ئىككى ئىشنىڭ تەمىنى.
شۇ ئېشىندا سىلەر تامان يوللاندى،
قورسىقىڭلار كۈندە ئۈچ ۋاخ كوللاندى.
ئۆلمىدىڭلار خاسىيىتىدىن شۇنىڭلا،
كۈنلەر كۈنگە ئامان - ئېسەن ئۆلاندى.
ئەرزىيدۇ بۇ، قىلىپ مەڭگۈ دەرسلىك،
باللاردىن باللارغا سۆزلەشكە.
ئۆگەنگەي ئەل مەمۇرچىلىق چاغدىمۇ،
يامان كۈنگە قالماسلىقنى كۆزلەشكە.
بۇنى ئالىي سوۋغىمىز دەپ بىلىڭلار،
ئىشىڭلارنىڭ زىننەت - كۆركى قىلىڭلار،
سورىسا كىم شەھرىمىزنىڭ سىرىنى،

بۇنى دەرھال ئىبسىگىلارغا ئىبلىگىلار.
بىزدۇرمىزكى ــ ياشايمىز شاد ـ بەختىيار،
كىمكى نىمە قىلسا، مەيلى ئىختىيار.
يول قويمايمىز، لىكىن بۇزۇپ ـ چىچىشقا،
بولۇر بۇزۇپ ـ چاچقان كىشى مەڭگۈ خار.
خار بولماسلىق بىزنىڭ ئۇلۇغ ئەھدىمىز،
پارلاق شۇڭا بۈگۈنىمىز، ئەتىمىز.
خۇشال كىلىپ، ھامان خۇشال كەتسەڭلار،
دەيمىز بۇنى تائەبەدلىك پەخرىمىز.
سودىگەر باي ئاڭلاپ شاھنىڭ سۆزىنى،
دەپتۇ بۇ سۆز ئاچتى ئەقلىم كۆزىنى.
بولسۇن بۇ سۆز مەڭگۈ ماڭا قىبلىگاھ،
مەڭگۈ يورۇق قىلماققا شاھ يۈزىنى.
ئۆز لەۋزىدە تۇردىمۇ، يا تۇرمىدى،
سودىگەردىن بىزگە ئۇچۇر بولمىدى.
شۇنداقتىمۇ تىزىپ كۆركەم نەزمىگە،
شائىر تۈننى سۇبھىدەمگە ئۇلىدى.
نىيىتىمىز سۇبھىدەمدەك بولسۇن پاك،
ۋۇجۇدىمىز بولسۇن تاڭدەك ئاپئاق.
ئىمتىدىن بولۇپ مەمنۇن دۇنيانىڭ،
ئىشلىتەيلى ئۇنى مەڭگۈ ساپمۇساق.

1994 ـ يىلى نويابىر

# سۆيگۈ ئۆچقۇنى


ئاپتورى: تۇرغان شاۋۇدۇن

مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ياسىن زايىموف

گۈزەل سەنئەت لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

تېلېفون: 2827472 ـ 0991

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 5

قىستۇرما بېتى: 4

نەشرى: 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

باسمىسى: 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 5000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 13516 - 5

باھاسى: 15.00 يۈەن



يېڭى دەۋر ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر


| | |
|---|---|
| قۇربان ئىمىن | بوز تورغاي |
| ئەلقەم ئەختەم | ئۆچمەس تىلەكلەر |
| ئابدۇكېرىم خوجا | تاغ گۈلى |
| مۇھەممەتجان سادىق | مۇھەببەت ۋە تەبەسسۇم |
| رەخىم قاسىم | تەڭرىتاغ قەسىدىسى |
| مۇھەممەدئېلى زۇنۇن تەشنائى | قەدىردان ئاتام |
| مۇھەممەد شاۋۇدۇن | تەڭرىتېغىم |
| تۇرغان شاۋۇدۇن | سۆيگۈ ئۇچقۇنى |
| ئىمىن ئەھمىدى | ئاسمانلار ـ تاغلار |
| مامۇت زايىت | زېمىندىكى يۇلتۇزلار |
| تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن | سەھرا نەزمىلىرى |
| ئارسلان | زېمىن ئەركىسى |
| تاھىر تالىپ بەكتۇر | مەن ــ ئادەم |
| ئابدۇللا سۇلايمان | ھاياتقا مۇھەببەت |
| ئابلەت ئىسمائىل | جەننەت سىنىك ئاياغىدا |



ISBN 978-7-228-13516-5

定价:15.00元